« ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ » ( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

1999 - يىلى 7 - ئاي
15 - سان
گىرمانىيىدە نەشر قىلىندى
Eastern Turkistan Information Center

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا

## خىتاي ھۆكۈمىتى خوتەندىكى مەسجىدلەرنىڭ سانىنى 1949 - يىلدىكى سەۋىيەنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ خوتەندىن بىۋاستە ئالغان خەۋىرىگە قارىغاندا، نۆۋەتتە خوتون ۋىلايىتى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى زىيانكەشلىكىگە ۋە بوزغۇنچىلىقىغا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان ۋىلايەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى « مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش » دېگەن باھانە بىلەن، ۋىلايەت بويىچە مەسجىد چېقىش ۋە دىنىي ئۆلىمالارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى قوزغاپ، خوتەن تەۋەسىدىكى مەسجىد ۋە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ سانىنى 1949 - يىلدىكى سانىنىڭمۇ ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويغان. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ باياناتى: « ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش كېرەك »

تەيۋەن مەركىزى ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چەتئەلدىكى بارلىق خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن چاقىرىلغان « يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى » دا، خىتايدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە تەيۋەن بىلەن چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئۈزلۈكسىز ھالدا مۇزاكىرە قىلىنغان ھەمدە يىغىن ئاخىرىدا بۇقېتىمقى بىرلەشمە يىغىن، خىتايدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مەسىلىسى ھەققىدە ئورتاق بايانات ئېلان قىلغان. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## ئابلىكىم باقىنىڭ « بېيجىڭ باھارى » ژۇرنىلىغا ئېيتقانلىرى: « خىتاي دېموكراتلىرى خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم »

« بېيجىڭ باھارى » ژۇرنىلىنىڭ 99 - يىللى 7 - ئايلىق سانىغا، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇخبىرى شۈۋېي ئەپەندىنىڭ، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابلىكىم باقى بىلەن قىلغان چوڭ ھەجىملىك زىيارەت خاتىرىسىنىڭ ئەملى ئەھۋالى خەۋەر قىلىندى. بۇزىيارەت خاتىرىسى جەمئى 35 سوئال - جاۋاپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئابلىكىم باقى شۈۋېي ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى تۈرلۈك مىللىي كۈرەشلەر، ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى، ۋەتەن ئىچىدىكى تەشكىلاتلار بىلەن ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ دائىرىسى، يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە غايە - مەقسەتلىرى ... ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا جاۋاپ بەردى. ( داۋامى گېزىتىمىزنىڭ 3 - بېتىدە )

## ئەسقەرجان بوندىكى 4 - ئىيون نامايىشىدا پۈتۈن خىتاي دېموكراتلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قوللاشقا دەۋەت قىلدى




بۇيىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گىرمانىيەنىڭ پايتەختى بون شەھرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا، 1989 - يىلى بېيجىڭدا يۈزبەرگەن « 4 - ئىيون » ۋەقەسىنىڭ 10 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. گىرمانىيىدىكى بەش خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇقېتىمقى نارازىلىق نامايىشىغا، « گىرمانىيە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى »، « دۇنيا خەتەرئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى »، « گىرمانىيە تىبەتنى ھىمايە قىلىش تەشكىلاتى »، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « ئىچكى موڭغۇلىستان ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش بىرلىكى »، « گىرمانىيە خىرىستىيان دېموكراتىك بىرلىكى ئوقۇغۇچىلار جەمىيىتى » ... قاتارلىق كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 400 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. (داۋامى 2 - بەتتە )



# بىز كىم ئىدۇق؟ هازىر كىم بولدۇق؟ خىتاي باسقۇنچىللىرى بىزنى يەنە نىمە قىلماقچى؟

ئەخمەت ئىگەمبەردى

ئەقلى - هوشى بار هەربىر ئۇيغۇر دوپپىسىنى ئالدىدا قويۇپ، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ جۇت ئايىغى تەككەن ئەشۇ قارا كۈن ۋە قانلىق يىللارنى ئەسلەپ باقسۇن. يېشى كىچىكلەر چوڭلاردىن، ئاتا - ئانىلىرىدىن سوراپ باقسۇن. بىز زادى كىم ئىدۇق؟ ئۆتمۈشتە يېزا - قىشلاقلىرىمىز، شەھەرلىرىمىز قانداق ئىدى؟ هازىر ۋەتىنىمىز قانداق هالغا چۈشۈپ قالدى؟ خىتايلار تەرىپىدىن « شىنجاڭ » دەپ ئاتالغان بۇ لوقما گۆشنىڭ خىتايدىن ئىبارەت بۇ سېرىق ئەژدەرھانىڭ چاڭگىلىدا تۇرغىنىدا، « سېرىق ئەجدەرها » نىمە قىلىۋاتىدۇ، يەنە نىمە قىلماقچى؟ !

50 يىل بۇرۇنقى ئەھۋالدا، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان تولۇق مەنىدىكى مۇستەقىل مەملىكەت بولمىسىمۇ، 33 - يىلدا قەشقەردە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى »، 44 - يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمهۇرىيىتى » ۋە شۇ چاغدىكى سىياسى ئېقىمنىڭ تەسىرلىرىدىن بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىنى گومىنداڭدىن ئازات قىلىپ، ۋەتەن تارىخىدا يېڭىچە بىر باسقۇچقا كىرگەن ئىدۇق. ئەلمىساقتىن ئاللاھ بىزگە نېسىپ قىلغان، ئەجداتلارنىڭ مىراسى بولغان سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ مۇبارەك نامى - « شەرقىي تۈركىستان » نى غورۇر بىلەن تىلغا ئالاتتۇق. سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ساھەلىرىمىز ۋە مەدىنى - مائارىپىمىز ئاساسەن يەرلىك خەلقلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، كانچىلىق، باغۋەنچىلىك، يەرلىك سانائەت، قول - هۈنەر سانائەتلىرى، مىللى ئىگىلىككە مەنسۇپ بارلىق مىللى تارماقلار ئاساسەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قولىدا بولۇپ، خىتاي ئاهالىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى قوشقاندا ئارانلا 250 - 300 مىڭغا قەدەر ئىدى. مۇنداق ئېيتقاندا، ئۆز ۋەتىنىمىزگە ئۆزىمىز خوجا ئىدۇق. دەريا - كۆللىرىمىزدىكى بېلىقلارنىڭ سانىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەهسۇلاتلىرى خەلقىمىزگە يېتىپ ئېشىپ، خەلقىمىز باياشات ياشايتتى. ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس مىللى مەدەنىيىتىمىز، مائارىپىمىز، ئۆزىمىزنىڭ خەلقىمىز ۋە دىنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. خۇنۇ كىلكتىن يىراق، گۈللەنگەن ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز بار ئىدى.

بىر ئېغىز سۆز، ئۆز ۋەتىنىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇپ، مىللىتىمىز هالاكەت گىرداۋىدىن يىراق، مىللى روهىمىز مۇنقەرىزلىكتىن ئازات، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا خاس ئىمانىمىز هەم ۋىجدانىمىز بىلەن ياشاپ، ئۆزىمىزنى ئادەم هىساپلايتتۇق.

بۈگۈنچۇ؟ سوۋېت ئىمپىريالىزىمىنىڭ ئىنقىلاۋىمىزغا قىلغان ساتقىنلىقى هەم بىزنى بېسىپ بېرىشى بىلەن، ماۋنىڭ باسقۇنچى ئارمىيەسى ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالدى. ئۇلار كىرگەن ۋاقتتا ئۆزلىرى ۋەتىنىمىزگە بىرەر چىشقاق ئوغلاق، بىرەر تونىنا بۇغداي ياكى خىتاينىڭ بايلىقىنى ئېلىپ كىرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاچلىقتا جېنىنى باقالماي، گۈزەل، باي ۋەتىنىمىزنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كىرگەن. ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقىنى، مىللىتىمىزنىڭ قولىدىكى يەر - مۈلۈك، پۈتۈن ئىگىلىك، بار ئىمكانىمىزنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، « سوتسىيالىزىم » دىگەن بۇ زەهەرلىك قىلتاقتىن پايدىلاندى. « سىنىپى كۈرەش » دەپ ئاتالغان بۇ نەيرەڭنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر پۈتۈن مىللىتىمىزنى پارچىلارغا بۆلۈپ، « باي - كەمبەغەل، زومگەر » دىگەنلەرگە ئايرىپ، بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈردى. كوممۇنىستلار خەلقىمىزنى قۇتقۇزغۇچى ئەۋلىيا سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى يوقسۇللارنىڭ باشپاناهى قىلىپ كۆرسۈتۈپ، يەر، سۇ، مۈلۈك، چارۋا، كان، زاۋۇت، فابرىكا ئورۇنلىرىنى خەلقىمىزنىڭ قولىدىن مەجبۇرى تارتىۋېلىپ، ئۇنى بىر مەزكىل دۆلەتنىڭ خوجىسى« ئىشچى - دېخانلار » غا بۆلۈپ بەرگەن بولدى. « دۆلەت خوجىسى» ئىشچى - دېخانلارنىڭ خوشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. قارنىنى تويغۇزۇپ ئۆزىنى بوردىۋالغان خىتاي تاجاۋۇزچىللىرى ، خەلقىمىزگە قارىتا يېڭى جازا يۈرۈشلىرى باشلىدى. « گوڭشى » دەپ ئاتالغان بۇ توزاق ئارقىلىق يېزىلاردا دېهقانلىرىمىزنىڭ قولىغا ئەمدى تەككەن يەر ، سۇ، مۈلۈكلەرنى تارتىۋالسا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى هەر خىل كولىكتىپ هەم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋا مەيدانلىرىغا يىغىۋالدى. سودا تىجارەت، زاۋۇت - فابرىكا، يەرلىك سانائەتنى « سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش » دىگەن قىلتاق بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ ئالدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ئىمتىيازلار خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ دىكتاتۇرلىقىدىكى هۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەشۇ « سوتسىيالىزىم » دىگەن نەيرەڭ ئارقىلىق بىزنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىمىز بولغان خىتاي باسقۇنچىلىرى بىزنىڭ پۈتۈن بارلىقىمىزنى تارتىۋالدى. ئىنسانى هوقۇقىمىزنى، ئار - نومۇسىمىزنى ئاياق - ئاستى قىلىۋاتىدۇ. كومۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ « ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى » دىگىنى، ماهىيەتتە بولسا باسقۇنچى خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ ، بىزنىڭ جۇڭگونى سۆي، ۋەتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئۇنتۇپ، مەڭگۈلۈك مۇنقەرىز بول، دىگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. « مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى » دىگىنى، خىتاي هۆكۈمرانلىرىغا ئىتائەتمەن قۇل بولۇپ، شۇلارنىڭ تۇپان بالاسىدا مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقال، دىگەنلىك. ئەمدى هازىر يەنە « سوتسىيالىزىم تەربىيىسى» نى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ، قالغان يەر - زىمىن، مۈلۈكلەرنى خىتايلارغا ئۆتكۈزۈپ بەر ، دىگىنى. ئۇلارنىڭ جار سېلىپ، « ماركسىزىملىق دۆلەت، مىللەت، دىن، تارىخ، مەدەنىيەت قارىشى تەربىيەسى » دىگەنلىرى، خىتايلارنىڭ دۆلىتى ئۈچۈن ئۆزەڭنى، مىللىتىڭنى، دىنىڭنى، دۆلىتىڭنى، تارىخىڭنى ئۇنۇت، دىگەنلىك. مۇشۇ مەخسەت بىلەن ئايىغى ئۈزۈلمىگەن هەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، هەر خىل جازالارنى ئېلىپ باردى. خەلقىمىزنى قانلىق زىندانلارغا تاشلىدى، مىليونلارچە ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئۆلتۈردى ۋە كەستى، هەرقانداق جايدا خىتاي باسقۇنچىلىرى مىللىتىمىز ئىچىدىكى ئاز ساندىكى ئەقىلسىز ، گالۋاڭ، ئىمان - ۋىجدانلىرىنى ساتقان بىر ئوچۇم مۇناپىقلارنى يېتىشتۈرەلىدى. بۇ خائىن - مۇناپىقلار هېچقاچان خەلقىمىزگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ، خىتاي باسقۇنچىلىرى مەيلى قانچىلىك قۇترىمىسۇن، قەهرىمان خەلقىمىزنى هېچقاچان بويسۇندۇرالمايدۇ . ئىنشائاللاھ خەلقىمىز كۆكسىدىكى 50 يىلدىن بۇيان قوللانغان قاتتىق - يۇمشاق چارىلىرى، زۇلۇم ئىسكەنجىلىرىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ ئويغاندى. ئاتاغلىق ئىنقىلاۋى شائىر ، ئۇلۇغ مۇجاهىد ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 70 يىل بۇرۇن، « ئەي پېقىر ، ئويغان ئۇيغۇر ، ئۇيقۇڭ يېتەر ، سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر ! » دىگەن ئىنقىلاۋى چاقىرىغى خەلقىمىزنى يېڭى كۈرەش سەپلىرىگە چاقىرىۋاتىدۇ.

1999 - يىلى 6 - ئاي

## باي ناهىيىسىدە يەر تەۋرىدى

« شىڭداۋ گېزىتى » نىڭ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى خەۋرىگە ئاساسلانغاندا، 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېچە سائەت 11 دىن 2 مىنوت ئۆتكەندە، ئاقسۇنىڭ باي ناهىيىسىدە 5.3 بال يەر تەۋرىگەن، بۇقېتىمقى يەر تەۋرەشتە باي ناهىيىسىگە خوشنا بولغان كۇچار ۋە توقسۇ ناهىيىلىرىمۇ تەۋرىگەن دەرىجىدە يەرتەۋرەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. خىتاي هۆكۈمىتى بۇقېتىمقى يەر تەۋرەشتە مەيدانغا كەلگەن ئۆلۈم - يېتىم ۋە ماددى زىيانلار هەققىدە ئېنىق خەۋەر بەرمىگەن. « شىڭداۋ » گېزىتىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن بىرجىددى قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ باي ناهىيىسىگە ئۇۋەتكەنلىكى بايان قىلىندى.

# خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتاي دېموكراتلىرى بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلىدى

بۇيىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، 1989 - يىلى بېيجىڭدا يۈزبەرگەن خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىق خاتىرە كۈنى. بۇمۇناسىۋەت بىلەن بۇيىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرى ھەرخىل شەكىللەر بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش بىلەن بىرگە، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان ئېتىرازلىرىنى بىلدۈرۈشتى.




شۇكۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە بىرياش تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئالدىدا ئۇستىگە ، چىرىكلىككە ۋە مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرايلى دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ئاق مايكىنى كىيىۋېلىپ، ئەتراپتىكى ئاممىغا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىۋاتقاندا، ئەتراپتا چارلاپ يۈرگەن 10 نەچچە ساقچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇ ياشنى دەرھال تۇتۇپ كەتكەن.



شۇكۈنى يەنە بېيجىڭدىكى ۋەنئەن قەۋرىستانلىقىدا بېيجىڭ ۋەقەسىدە ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولۇپ 20 دىن ئارتۇق كىشى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقىنى ئەيىبلىگەن.




بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقى ھارپىسىدا ۋە خاتىرەش كۈنى جەريانىدا خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق خىتاي دېموكراتىك زاتلىرى قولغا ئېلىنغان.

ئۇندىن باشقا يەنە 4 - ئىيۇن ھارپىسىدا، 1989 - يىلىدىكى بېيجىڭ ۋەقەسىدە ئۆلگەن 105 نەپەر خىتاينىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى خىتاي ئالى خەلقسوت مەھكىمىسىگە شىكايەتنامە سۇنۇپ، لى پېڭ، دېڭ شاۋپىڭ، ياڭ شاڭكۇن، چېنشىتوڭ قاتارلىق خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۈستىدىن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈزگەن دېگەن سەۋەب بىلەن ئەرز قىلغان.



## چەتئەللەردە

بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئامېرىكا، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، شۋىتسارىيە، كانادا، تەيۋەن، شاڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى دېموكراتىك خىتايلار، خىتاي ئەلچىخانىلىرى ئالدىدا نامايىش قىلىش، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىرىش، گۈلخان ۋە شام كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە شاڭگاڭدىكى ۋىكتورىيە باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرىلەش پائالىيىتىگە 70 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.



سانفىرانسىكو، نيويورك، بوستون، بون، ئامېستېردام ، لوندون، پارىژ، شتوكولۇم، تورونتو قاتارلىق شەھەرلەردى خىتاي دېموكراتلىرى خىتاي ئەلچىخانىلىرى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشلىرى ئۆتكۈزدى. چەتئەللەردىكى خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ بۇقېتىمقى ھەرىكەتلىرى دۇنيادىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە دۇنيا مەتبۇئاتلىرىنىڭ قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى.




چەتئەللەردىكى خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، بۇقېتىمقى ھەرىكەتلەرگە بەزى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان تەشكىلاتلىرىمۇ قاتناشتى ھەمدە بۇجەرياندا ئۇلار خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## خىتاي ئىچىدە

بېيجىڭ باھارى ژورنىلىنىڭ بۇيىل 7 - ئايلىق سانىدىكى خەۋەرىگە قارىغاندا، 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بېيجىڭ شەھىرىدە جېجياڭ، شەنشى، لياۋنىڭ، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدە خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرى نامايىش قىلىش، تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىش، گۈلخان ۋە شام كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10 - يىللىقىنى خاتىرىلىگەن.



6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ۋەقە چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەيداندا ھەربى ھالەت يۈرگۈزگەن ھەمدە بارلىق چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ مەيداندا رەسىمگە تارتىشنى ۋە فىلىمگە ئېلىشنى چەكلىگەن. شۇنداقتىمۇ يەنە شۇكۈنى چۈشتە بىرخىتاي ياش تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ ئالدىدا ئۇستىگە « ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەيلى » دېگەن خەت يېزىلغان ئاق كۆڭلەكنى ئاچقان، ئەمما بۇ ياشنى ئەتراپتا پايلاپ يۈرگەن ساقچىلار دەرھال قولغا ئېلىپ ماشىنا بىلەن ئېلىپ كەتكەن.

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى: ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر: پەرھات مۇھەممەدى

تەھرىرلەر: تۇمەرجان شاھيارى
پەرىدە نىياز
ئايگۈل نەسەتكىچىك
كورىكتور: خەدىچەم خەلىل
مونتاژ: ئۇچقۇن قەشقەرى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E TIC
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E [illegible]etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى
شەرقىي تۈركىستان
ئىنفورماتسىيون مەركىزى
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران
Tel&Fax:0090 212 6790370

جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

« ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ »(ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن)

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

1999 - يىلى 7 - ئاي
16 - سان
گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشرقىلىنماقتا

## خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان :
## « ئۇيغۇرلار مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى ياخشى پەرىقلەندۈرىدىغان خەلق »

شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىۋاتقان « جوڭگو باھارى » ژورنىلىنىڭ 188 - سانىدا، شاڭگاڭلىق تېلېۋىزىيە مۇخبىرى لياڭ دوڭ ئەپەندىنىڭ مەخسۇس شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەققىدە يازغان « تەڭرى تاغلىرىدىكى ھۆزۈلغان بۆرىلەر » دېگەن تېمىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلىنغان ئىدى، ئاپتورنىڭ مەزكۇر ماقالىسىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى يەنە « ئامېرىكا دۇنيا گېزىتى » نىڭ قوشۇمچە سانى بولغان « تەرمىلەر » دېگەن كىتابچىنىڭ 3 - قىسمىدا، « شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى » دېگەن تېمىدا قايتا ئېلان قىلىندى.

مەزكۇر ماقالىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزۈەتتىكى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىق قىلىنغان. ( داۋامى 2 - بەتتە )

( داۋامى 2 - بەتتە )

## 7 - نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيىدا، شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق ئاسارەت ئىچىدىكى تۈركىي ئەللەرنىڭ مەسىلىسىنىڭ مۇستەقىل 7 تۈرك جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئورتاق ھەل قىلىنىشى كېرەكلىكى قارارلاشتۇرۇلدى

« تۈركىيە » گېزىتىنىڭ بېرىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۈركىيەدە ئاياقلاشقان « 7 - نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى قۇرۇلتىيى » دا، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى كۆزىتىش مەقسىدىدە « تۈرك دۇنياسى ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش كومىتېتى » نى قۇرۇپ چىقىش، شەرقىي تۈركىستان، شىمالىي ئىراق، غەربىي تىراكىيا، سۈرىيە، كوسوۋا، قاراباغ، ئىراق، جەنۇبىي ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردا ياشاۋاتقان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ۋە نوگاي، كۆمۈك تۈركلىرىنىڭ خەلقئارالىق مەسىلىرىنى مۇستەقىل 7 تۈرك جۇمھۇرىيىتى ئورتاق ھالدا ھەل قىلىش، تۈركىي ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئورتاق ھەرىپ قوللىنىشى ۋە ئورتاق دەرسلىك كىتابى ھازىرلاپ چىقىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش قارارلاشتۇرۇلدى.

( داۋامى 3 - بەتتە )

## لى پېڭنىڭ تۈركىيەگە قىلغان زىيارىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

« بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ بېرىل 7 - ئايلىق سانىدا، مەزكۇر ژورنالنىڭ مۇخبىرى فېي دىڭ ئەپەندىنىڭ، « لى پېڭنىڭ تۈركىيەگە قىلغان زىيارىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى » دېگەن تېمىدىكى مەخسۇس ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالە جەمئىي 8 پاراگرافقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا خىتاي پارلامېنتىنىڭ باشلىقى لى پېڭنىڭ بېرىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە تۈركىيەگە قىلغان رەسمىي زىيارىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىدىنىڭ تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ئىكەنلىكى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى توسۇش شەرتى ئاستىدا ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتلەردە ياردەم بېرىش ھەققىدە كۆرسەتكەن ۋەدىلىرىنى بەرگەنلىكى تەپسىلىي بايان قىلىندى.

مەزكۇر ماقالىنىڭ باش قىسمىدا لى پېڭنىڭ تۈركىيەدە ئانچە قىزغىن قارشى ئېلىنمىغانلىقى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: « لى پېڭ 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كەچتە ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلدى، 3 - كۈنى قەدىمىي ئاسارە - ئەتىقىلەرنى زىيارەت قىلدى، ساقچى دائىرىلىرى كۆپ مىقداردا ساقچى ۋە مەخپىي ساقچىلارنى ئاجرىتىپ ئۇنى قوغدىدى. بەزى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ساقچىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئايرودرومدا لى پېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ساقچىلار توسۇپ قالدى. 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە بەزى ئۇيغۇرلار لى پېڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشتى، ئەمما ساقچىلار ئۇلارنى ئەقمەيداندىن ئۇزاقلاشتۇردى. ھەتتا بىر نەپەر ئۇيغۇر ياش بېنزىن قاچىلانغان بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ لى پېڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. ساقچى دائىرىلىرى ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى قولغا ئېلىش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى كونترول قىلماقچى بولدى ۋە خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى ئورگانلىرى قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىندى. ( داۋامى 3 - بەتتە )

( داۋامى 3 - بەتتە )

## « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى : باش شىتابى گېرمانىيەدىكى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » رەھبەرلىك ئورگىنى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە يىغىن چاقىرىپ، گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارغا « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئېلىپ بارغان سىياسىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە دوكلات بەردى. « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىي كومىتېتى تەرىپىدىن چاقىرىلغان بۇقېتىمقى يىغىنغا، گېرمانىيىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ بىرقىسىم مەسئۇللىرىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا سۆز قىلىپ، بۇيىل كىرگەندىن بۇيان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ياۋروپادىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە تۈرلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كېڭەيتكەنلىكىنى بايان قىلدى.

(داۋامى 2 - بەتتە )

# مىللىي داۋايىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى

**ئابلاجان لەيلى نامان** ( ئامېرىكا )

ھەممىمىزگە مەلۇم، بىزنىڭ مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇجادىلىمىز ھەرگىزمۇ بىرەر مۇستەملىكىچىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى سۈپىتىدە ئاتالمىش « بۆلۈنۈش » ياكى « پارچىلىنىش » ... بولماستىن، ئەكسىچە ئەزەلدىنلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كومۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قاتمۇ - قات زۇلمى ئاستىدا ئەسىر بولۇپ قالغان ئەزىز ۋەتىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش، ئەركىنلىگىمىز ۋە ھۆرلۈگىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆز ھەققىمىز ۋە ئۆز رىسقىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولۇش، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىمىزگە ئەزەلدىن تەئەللۇق بولغان مىراسىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان مۇجادىلىدۇر، خالاس!

بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مۇجادىلىمىز ئىلگىرىكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى مۇجادىللىرىمىز بىلەن مەقسەت ھەم خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما شارائىت ۋە دەۋىر جەھەتتىن تۈپتىن پەرىقلىنىدۇ. شۇڭا ھازىرقى 90 - يىللارغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، خەلقئاراغا يۈزلەنگەن مۇجادىلىمىز بىزدىن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھازىر پۈتكۈل دۇنيا ئەللىرى، جۈملىدىن بىزمۇ ھەم « تېنىچلىقنى »، خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشنى ئەڭ موھىم ئورۇنغا قويۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز، قانچىلىغان ئازاپ ۋە خورلۇقلارغا لىۋىمىزنى چىشلىگەن ھالدا، كەلگۈسىگە، پۈتكۈل دۇنيا دىموكراتىيىلىرىگە چەكسىز ئۈمۈت باغلاپ، داۋارىمىزنى ئىلمي ئاساستا پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش ئارقىلىق خەلقارانىڭ قوللىشى ئاستىدا تىنىچ يول بىلەن مۇستەقىللىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدۇق ھەم كېلىۋاتىمىز. ئەمما بۇ خىل ئارزۇ، كېچە - كۈندۈز خىيال قىلىش، ئاچچىق يۇتۇپ ھەسرەت چېكىش يولى بىلەن ئەمەس. بەلكى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە، دۇنياغا يۈزلەنگەن ئاساستىكى نازۇك سىياسى يول بىلەن ھەل بولىدىغان مەسىلىدۇر. ئەمما شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشىمىز كېرەككى، دۇنيا يۈزىدىكى بارلىق مۇستەملىكىچىلەر ئاساسى جەھەتتىن ئىختىيارەن ياكى مەجبۇرەن يوقۇتۇلدى ھەم يوقۇتۇلىۋاتىدۇ. ئەقەللىسى، كومۇنىزىمنىڭ ئەڭ ئەشەددى قوغدۇغۇچىسى بولغان ئاتالمىش « سوۋىتلەر ئىتتىپاقى » مۇ پارچىلىنىپ، پۈتكۈل دۇنيا خەرىتىسىنى قايتا تۈزۈپ چىقىشتەك ئەۋزەل ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. خىتاي كومۇنىست ھاكىمىيىتىمۇ چوقۇم يېقىن كەلگۈسىدە ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىپ ھالاك بولىدۇ. ئەمما بىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزلىكىدىن ھالاك بولۇشنى ئېغىز ئېچىپ كۈتۈپ تۇرماي، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغانلىكى كومىنستقا قارشى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ،خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كومۇنىزىم سىستېمىسىنى بۇزۇپ ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزىمۇ نۆۋەتتىكى ئىنقىلاۋىمىزنىڭ بىر قىسمى ھېساپلىنىدۇ. خۇددى « دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز » دىگەندەك.

ئېغىزدا « كۈرەش قىلىمەن » دىيىش ئاسان، ئەمما ئۇنى ئېلىپ بېرىش، غەلبە قىلىش ئاسان ئەمەس. گەپ كۈرەشنى زادى قانداق، قايەردىن باشلاشنى ئالدىن پىلانلاپ، مۇستەھكەم ئۇيۇشقان ئىتتىپاقلىق ۋە قاتتىق تەشكىلچانلىق ئاساسدا بىر خىل نىيەت، بىر خىل مەقسەتتە، بىر خىل پىكىر، بىر خىل قاراشتا، بىر خىل مەۋقەدە تۇرۇپ ئېلىپ بېرىشتىدۇر. شۇڭا داۋايىمىزنى پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىگە جىددى ۋە توغرا ئاڭلىتىمىز دەيدىكەنىمىز، ئۇ ھالدا چوقۇم ھەممىمىز ئۆزىمىز بىلگەن مۇقامىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئورتاق بىرلىك ئاساسدا ئاڭلىتىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

بىزدىكى پەۋقۇلئاددە بايلىقتىن پايدىلىنىشنى ئۆزۈن تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىسى قىلىپ بەلگىلەپ كەلگەن ھەم پايدىلىنىپ تەمىنى تېتىپ كەلگەن خىتاي ھاكىمىيتى، ئىلگىرى پەقەت ئۆزىلا پايدىلىنىپ كەلگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆزلىرىگە گويا غايىپتىن پەيدا بولغاندەك تۇيۇقسىز نېسىپ بولۇپ قالغان بۇ بايلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قاتتىق ئەنسىرەپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ خېرىدار چاقىرماقتا... ئوغرىنىڭ قولىدىن چوقۇم ئەرزان مال ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان قىسمەن چەتئەل كۈچلىرى بولسا، گويا بۇ سودىنى قولىدىن بېرىپ قويسا يۈرىكى توختاپ قالىدىغاندەك، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە جىددى ھەرىكەتكە ئاتلانماقتا. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى بۇ چەكسىز بايلىق پۈتكۈل دۇنيانىڭ كۆزىنى قىزارتىپ، نەپسىنى تاقىلداتماقتا. مەن پەقەت تارىختىن بىخەۋەر قىسمەن خەلقنىڭ بىزنى تونىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما يەر شارىدا دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر قانداق بىر گۇرۇھنىڭ بىزنى ھەقىقەتەن تونىمايدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشەنمەيمەن. بۇنىڭغا شۇنى مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرمەكچىمەنكى: مەن ئامېرىكىغا كەلگەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مېنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە بىۋاستە چاقىرتقان جېسسى ھېلمىس باشلىق، خرىستوپەر ھ سمىت، دانا روخرابافەر، خونورابلە فرانك، ر ۋولف، مىخائېل پاپاس... قاتارلىق يىگىرمىدىن ئارتۇق بارلامېنت ئەزاسى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ئىگەللىگەن تەجرىبىلىرىم شۇنى ئېنىق ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىزنى ۋە بىزنىڭ كىملىكىمىزنى كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئېنىق چۈشىنىدىكەن. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى ھەم خوشاللاندۇرغىنى شۇكى، مەن كولۇمبىيا ئۇنىۋېرسىتىگە بېرىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى ۋەزىيىتى ئۈستىدە دوكلات بەرگەن چېغىمدا كۆپلىگەن پروفېسسورلارنىڭ بىزنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا قىسمەنلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى كۆردۈم. دىمەك بىزنى چۈشۈنىدىغانلار، بىزگە ياردەم بېرىدىغانلار، ياردەم بېرىشتىن باش تارتىدىغانلاردىن كۆپ ئىكەن. ئىلگىرى مەن ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىزنى تېخى تولۇق قوللاپ كەتمەسلىكىنى، « بىزنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قالغانلىقىمىزدىن بولسا كېرەك » دەپ خاتا خۇلاسە چىقارغان ئىكەنمەن. ئەمىلىيەتتە بولسا ئۇلار بىزنى تونىمىغانلىقىدىن، بىلمىگەنلىكىدىن، چۈشەنمىگەنلىكىدىن شۇنداق كۆرۈنگەن ئىكەن.

مەن بىرقانچە يىلدىن بۇيان چەتئەلدە ياشاش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ئەگەربىز تاشقى دۇنيادىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلار مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ، بىرنىيەت ۋە بىرمەقسەتتە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغانلا بولساق، مىللى داۋايىمىزنى چوقۇم يېقىن كەلگۈسىدە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، ۋەتەندىكى شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىنى شات ئېتەلەيمىز!

### « ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ئېلانى

ۋەتەنداشلىرىمىزغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، گېزىتىمىزنى تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋىجانلىققا ئىگە قىلىش مەقسىدىلە، گېزىتىمىزگە سىياسى خەۋەرلەردىن باشقا يەنە، تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش، ئائىلە، توي - تۆكۈن، ئوقۇش، خىزمەت، ئۆلۈم - يېتىم، ... ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئىجتىمائى خەۋەرلەرنى، ئۇيغۇر يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرى، ھېكايە، ئەدەبىي ئوبزور، ئەسىر... قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرىنى، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئالىم مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ ۋە دىنى ئەرباپلىرىمىزنىڭ تارىخ، جوغراپىيە، ئېكولوگىيە، ئارخىلوگىيە، دىن ... قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەر مەزمۇن قىلىنغان ئىلمى تەتقىقات ئەسەرلىرىنى مۇۋاپىق شەكىلدە بېرىشنى قارار قىلدۇق. ئەگەر پوۋېست، رومان ۋە شېئىرلار توپلىمىغا ئوخشىغان چوڭ تىپتىكى نادىر ئەسەرلەر بولسا، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشىغا مۇۋاپىق تۈردە ياردەم قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسىدىمىز، چەتئەلدە ياشاۋاتقان يازغۇچى - شائىرلىرىمىزغا تېخىمۇ ئازادە موھىت يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

ھۆرمەت بىلەن:

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ باشلىقى ۋە

« ئۇچقۇن » گېزىتىنىڭ ساھىبى ئابدۇجېلىل قاراقاش



# ئاۋىستىرالىيەدە ئىلى مەشرىپى



ئەخمەت ئىگەمبەردى

نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى دەستۇرغا ئىگە مەشرەپ، خەلقىمىزنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنى، رەڭدار شەكىللىرى، ئاجايىپ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بىلەن ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەردىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن، گۈزەللىك ۋە ئۆملۈكنى سۆيىدىغان ۋە ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان خەلقىمىز بىلەن بىرگە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

مەشرەپ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا كۆرە، يالغۇزلا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن سىياسى، ئىجتىمائى، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئىلىم ـ پەن، ئۆرپە ـ ئادەتلىرىنىڭ ھەممە ساھەلەر بويىچە ۋايىغا يېتىپ، ئەۋلاتلارنى تەربىيەلەپ كەلگەن ئۇلۇغ ئاممىۋى تەلەپتۇر.

ئەپسۇسكى، خىتاي باسقۇنچىلىرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پۈتۈن بارلىقىنى تارتىۋالغانلىقى ئاز دەپ، ئەجداتلارنىڭ ئۆلمەس مىراسى بولغان مەشرەپنى كۆزگە قادالغان مىخ كۆرۈپ، 1995 ـ يىلى غۇلجىدا باشلانغان ئاممىۋى مەشرەپ ھەركىتىگە قارشى ھەرخىل ھىلە ـ مېكىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئاخىرى بۇ ئاممىۋى خەلق ھەركىتىنى قانلىق باستۇردى ھەم قانلىق باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ دات ـ پەريادىنى ئۇزاقتىن تۇيۇپ كېلىۋاتقان ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار، 1997 ـ يىلى 4 ـ ۋە 5 ـ فېۋراللاردا غۇلجىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا، غۇلجا شەھرىدە ۋەتەنپەرۋەر ياشلىرىمىز قوزغىغان ئىلى مەشرىپىنى ئاۋىستىرالىيەدە قانات يايدۇرۇپ، ئىلى ياشلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، «ئاۋىستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى» نىڭ تەشكىللىشى ۋە ياشلىرىمىزنىڭ غەيرىتى بىلەن خەلقىمىز كۆپرەك جايلاشقان ئادېلايىدى شەھرىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن سىدنېي شەھەرلىرىدە، «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» نى تەشكىللەشكە كىرىشىپ، رەسمىي ھەر ئايدا بىر قېتىم دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان مەشرەپنى باشلىدۇق. ئىلى مەشرىپىنى ئاۋىستىرالىيەدە نوپۇسىمىزنىڭ ئازلىقى، جايلاشقان ئورۇنلىرىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزدىن يىراق ۋە چېچىلىپ كەتكەنلىكىمىز، ھەر قايسىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالاھىدە ئەھۋاللىرىمىزغا ئاساسەن، مەشرىپىمىزنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ساقلاپ، ئۇنى ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى تەقەززا قىلىۋاتقان مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتۇق. 1997 ـ يىلى 30 ـ ئاۋغۇست 34 نەپەر مەشرەپ ئەھلىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن، «ئاۋىستىرالىيە تۈركىستان ياشلار مەشرىپى نىزامنامىسى» تەستىقلىنىپ، مەشرەپ يىتەكچى گۇرۇپپىسىغا قازى، يىگىت بېشى، مۇفتى، پەششاپ، گۈل بېگىلەر سايلاندى. مەشرەپ نىزامنامىسىدا مەشرەپ ھەققىدە: «مەشرەپ، ئاۋىستىرالىيەدىكى بارلىق ۋەتەنداشلار ئىچىدە ئىلىپ بېرىلىپ، ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئەجداتلار ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، مەنىۋى ھاياتىمىزنى جانلاندۇرۇپ، ئاۋىستىرالىيەدىكى مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاش ۋە ھازىرقى خىتاي باسقۇنچىلىرى دەپسەندە قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى داۋاسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەن خەلقىمىزگە ماددى، مەنىۋى ياردەمدە بولۇش» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا مەشرەپنىڭ تەرتىۋى، مەشرەپ ئەھلىنىڭ ۋەزىپىسى، مەشرەپ يىتەكچى گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەزىپىسى، قازى، مۇفتى، يىگىت بېشى ۋە پاششاپلارنىڭ ۋەزىپىسى دىگەنلەر مەشرەپ نىزامنامىسىدا ئېنىق مۇقىملاشتۇرىلغان. تۆرت سائەتلىك بۇ مەشرەپتە، مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋەتەن ھەققىدىكى خەۋەرلەر، جامائىتىمىز ئىچىدىكى مەسىلىلەر، ئىقىم مەسىلىلىرى، ئەڭ ئاخىرىدا كىتاپلاردىن بىرەر ئابزاست ئوقۇلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن قىسقىچە تەبلىغ ئىلىپ بېرىلىدۇ. گۈلچايىنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئۆز ـ ئارا دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق، ۋەتەن ـ مىللەت، ھەققىدىكى بېيىت ـ شېئىر، يۇمۇر لەتىپىلەر ئېيتىلىدۇ. ئارىلاپ نەغمە ـ ناۋا، مىللى ئۇسسۇل، مەشرەپ ئويۇنلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئىككى مەشرەپ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن يىتەرسىزلىك نۇقسانلىرى بىرتەرەپ قىلىنىپ، ھەر خىل ئەھۋاللارغا قارىتا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ماددى ۋە مەنىۋى جېرىمانە ۋە چارىلار بېرىلىپ، كېيىنكى مەشرەپنى ئالغۇچىلارنىڭ رەسمىيتى ئۆتۈلۈپ، مەشرەپ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلىنىدۇ. ئىلى مەشرىپى ئادېلايىدىي شەھرىدە ئىككى يىلدىن بۇيان ۋە سىدنېيدا بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئىزچىل تۈردە يۈتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتىدۇ.

مەشرەپ تارىختىن بۇيان مىللى مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش ۋە مىللىتىمىزنى تەربىيەلەشتە مەكتەپلىك رولىنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز بەزى ئادەملەردىكى تەربىيەسىزلىكلەرنى كۆرگەندە ئومۇملاشتۇرۇپ، «مەشرەپ كۆرمىگەن» دىگەن ئاقىلانە ھۆكۈمنى چىقارغان. مەشرەپ مىللىتىمىزنىڭ تەربىيىۋى مەكتىۋى، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ مىللى مەنپەئەتكە پايدىلىق. بۇنى تارىخ، ئەمىليەت ئىسپاتلاپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەدە، قاچان، قانچىلىك ئادىمىمىز بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئۇنى دەرھال باشلاپ، قەتئى داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك.

كومىنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى مەشرەپنى چەكلىدى، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنى قاتتىق باستۇرۋاتىدۇ. «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دەپ، خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاساسى مەقسىدى، مىللى روھىمىزنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ھەر ـ بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنى ئىتائەتچان قۇللارغا ئايلاندۇرۇش. بۇ مەسىلە بۈگۈن مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا تاقىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، مەشرەپ ناملىق بۇ روھى بايلىقىمىزنى قەتئى ساقلاپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرىشىمىز كېرەك.

بولۇپمۇ خىتاي باسقونچىلىرىنىڭ مۇستەملىكچىلىك زۇلمى ئاستىدا چەتئەلگە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ۋەتەنسىزلىك، چەتئەللەردىكى مۇساپىرچىلىق، سەرگەردانلىق ھايات جېنىمىزغا قاتتىق پېتىۋاتقان شۇ تاپ شۇ كۈنلەردە، ئاز بولسىمۇ 5 ـ 10 ۋەتەنداشلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ ئايدا بولسىمۇ بىر قېتىم دىدارلىشىپ، قېرىنداشلىق ئىتتىپاقىمىزنى كۈچەيتىپ، كومىنىست خىتاي جاللاتلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنىدا يەنچىلىۋاتقان «مەشرەپ» ناملىق بۇ مەڭگۈ سۇنماس گۈلىمىزنى ئەسلەش، ئۇنى قايتا جانلاندۇرۇش، روھىمىزغا يېڭىدىن ئوزۇق، جىسمىمىزغا قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ، ئىمان ۋە ۋىجدانىمىزنى كۈچلەندۇردى.

بىز ئاۋىستىرالىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار مەشرەپنىڭ يوقىرىدا بايان قىلىنغان خاسىيەتلىك روھى ئوزىقى ۋە جىسمىمىزغا بەرگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە نېھمەتلىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە بەھرىمان بولدۇق. شۇڭا، بۇ نېھمەتتىن ۋەتەننىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ تەڭ بەھرىمان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىر تۇرىۋاتقان يەرلىرىدە ئەجداتلارنىڭ مىراسى بولغان مەشرەپنىڭ نۇرلۇق چىرىغىنى يېقىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى تەكلىپ قىلىمىز.

1999 ـ يىل 30 ـ ئىيون (ئاۋۇستىرالىيە ـ سىدنېي)

## ختايدا ھەربى مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ئاشكارىلىنىش ئەھۋاللىرى كۆپەيمەكتە

ختايچە «ياۋروپا گېزىتى» نىڭ 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان بىر خەۋەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ختايدا ھەربى مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ئوغرىلىنىش ۋە ئاشكارىلىنىش ئەھۋاللىرى شىددەت بىلەن كۆپەيگەن. بۇ گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ختاي ئارمىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باش شتابى ئاخبارات بۆلۈمى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، يېقىندىن بۇيان ختاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ھەربى مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ئاشكارىلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، ئەڭ يېڭى قورال - ياراقلارغا ئائىت مەخپى بەلگىلەرنىڭ نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئوغرىلانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن ھەربى تەرەپ ھۆكۈمەتتىن مەخسۇس «قورال - ياراقلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداش قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان. ختاي ئارمىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىلەر باش شتابى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى شەندوڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيخەي شەھرىدە «يېڭى قورال - ياراقلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداش خىزمەت يىغىنى» چاقىرىپ، بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىققان.

گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ختاي بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكىنىڭ بىر ئەمەلدارى دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىننىڭ بۇيىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چاقىرىلغان «خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى خىزمەت يىغىنىدا، «ئاڭلىسام كوچىلاردا سۈنئى ھەمرا قويۇپ بېرىش بازىمىزنىڭ رەسىملىرى ئېقىپ يۈرۈپتۇ، بۇ قانداق ئىش؟» دەپ سورىغانلىقىنى بايان قىلغان. «ياۋروپا گېزىتى» نىڭ ختايدا نەشر قىلىنىۋاتقان «ھەربى ئىشلار مۇنبىرى» ناملىق گېزىتنىڭ بەرگەن خەۋىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ بايان قىلىشىچە، ختايدىكى ھەربى قۇرۇلۇشلار يەرلىك ئورگانلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغاشقا، قۇرۇلۇش جەريانىدا يەرلىك ئىشچىلار ئارىسىدىكى بەزى فوتوسۈرەت ھەۋەسكارلىرى باشقۇرىلىدىغان بومبا بازىلىرىنىڭ ۋە باشقا مەخپى ھەربى ئورۇنلارنىڭ رەسىمنى ئوغۇرلۇقچە تارتىۋالغان. ئۇندىن باشقا يەنە ختاي ئۆزى ياسىغان ھەربى رادار، باشقۇرىلىدىغان بومبا ۋە يادرولۇق سۈنئاستى پاراخوتى قاتارلىقلارغا ئائىت مەخپىيەتلىكلەرمۇ ھەربى تەتقىقات ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ بۇلارنى ئورۇق - تۇققانلىرىغا ۋە ئەل - ئاغىنىلىرىغا دەپ قويۇشى تۈپەيلىدىن سىرتقا ئاشكارىلىنىپ كەتكەن.

## ختاي ھۆكۈمىتى گېرمانىيەدىكى ختاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ «4 - ئىيون ۋەقەسى» دە ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا ئىۋەتكەن ياردەم پۇلىنى توڭلىتىپ قويدى

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا بېيجىڭ شەھەرلىك دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى «جۇڭگو بانكىسى» نىڭ بېيجىڭ شەھىرىدىكى مەلۇم بىر تارماق بانكىسىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان ختاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ 1989 - يىلدىكى «4 - ئىيون ۋەقەسى» دە ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىغا ياردەم ئۈچۈن بۇ بانكا ئارقىلىق ئىۋەتكەن 11 مىڭ 620 مارك پۇلىنى توڭلىتىپ قويغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېقىندا «جۇڭگو دېموكراتىك مائارىپ فوندا جەمىيتى» نىڭ باشلىقى ۋاڭ دېگۋاڭ ختاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن بىلەن ختاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجىگە قارىتا ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيتىنىڭ بۇ غەيرى ئىنسانى قىلمىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن. ئوچۇق خەتتە، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى خەلقارا ئىنسان ھەقلىرى ئەھدىنامىسىگە ئىمزا ئاتقان تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ئېلىپ بارغان بۇ خىل غەيرى ئىنسانى قىلمىشىنىڭ ختاينىڭ خەلقارادىكى ئوبرازىنى قاتتىق خۇنۇكلەشتۈرگەنلىكى بايان قىلىندى.

## ئامېرىكا ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا ئاتوم ئۇرۇشى پارتلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە

بىرقانچە ئايدىن بۇيان ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا كەشمىر مەسىلىسى توغرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەربى توقۇنۇشنىڭ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىر ئاتوم ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى پەسەيتىش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەتكە ئۆتتى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا ئامېرىكا پرېزىدېنتى كىلىنتون يېقىندا ئامېرىكىغا زىيارەتكە كەلمەكچى بولغان پاكىستاننىڭ باش مىنىستىرى ناۋاز شېرىپ بىلەن بۇ ھەقتە جىددى كۆرۈشۈشنى پىلانلىغان. كىلىنتون يەنە ھىندىستاننىڭ باش مىنىستىرى ئاتال بىھارى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ھەربى توقۇنۇشنى دەرھال توختۇتۇشنى ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىنى دىيالوگ ئارقىلىق ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇندىن بۇرۇن ئامېرىكا پرېزىدېنتى كىلىنتون پاكىستان ۋە ھىندىستانغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۇقۇرى دەرىجىلىك ۋەكىللەر ئۈمكى ئىۋەتىپ، ئىككى تەرەپتىن ھەربى توقۇنۇشلارنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ ئامېرىكىنىڭ نەسىھەتىگە پىسەنت قىلمىغان ئىدى. ئەمما يېقىنقى بىرقانچە ھەپتىدىن بۇيان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەربى توقۇنۇشنىڭ دائىرىسى بارغانسىرى كېڭىيىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرىگە قارشى ئېغىر تىپتىكى ستراتېگىيىلىك قوراللارنى ئىشقا سالغاشقا، ھەر كۈنى ھەر ئىككىلا تەرەپتىن 100 لەرچە كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئامېرىكا ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئاتوم قوراللىرىغا ئىگە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئاخىرى بىر - بىرىگە قارشى ئاتوم قوراللىرىنى ئىشقا سېلىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا.

يېقىندا چېچەنىستاننىڭ بارلىق سىياسى ۋە ھەربى رەھبەرلىرى بىر ئارىغا كېلىپ، چېچەنىستاننى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ھەققىدە بىردەك بىرلىككە كېلىشتى ۋە يېقىن ئارىدا پۈتۈن دۇنياغا دۆلەتنىڭ نامىنى ئېلان قىلىش ھەققىدە ئورتاق قارار ئالدى.

## جىددى تۈزىتىش

گېزىتىمىزنىڭ مۇشتىرىلىرىغا مەلۇم بولغانىكى، گېزىتىمىز بېسىلىۋاتقان باسما زاۋۇتى گېزىتىمىزنىڭ 13 - سانى بىلەن 14 - سانىنى فىلمگە ئېلىش جەريانىدا، 13 - سانىنىڭ 8 - بېتىدىكى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندىمنىڭ رەسىمى بىلەن 14 - سانىنىڭ 8 - بېتىدىكى دالاي لامانىڭ رەسىمىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويغان. ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇۋېلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇشتىرىلىرىمىزدىن ئەپۇ سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «ئۇچقۇن» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى

جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قاراقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممەدى

تەھرىرلەر:
ئۆمەرجان شاھيارى
پەرىدە نىياز
ئايگۈل ئەسەتكىچىك
كوررېكتور:
خەدىچەم خەلىل
مونتاژ:
ئۇچقۇن قەشقىرى

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئىۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E TIC
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى:
شەرقى تۈركىستان
ئىنفورماتسىيون مەركىزى
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران
Tel&Fax: 0090 212 6790370
[redacted]

« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ »( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

1999 - يىلى 7 - ئاي
17 - سان
گېرمانىيەدە نەشر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي
گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى
3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن
نەشر قىلىنماقتا

## ئەركىن ئالپتېكىن « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » دىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كوممۇنىست خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا مۇراجەتنامە يوللاشنى تەلەپ قىلدى



بىسم ئىللاھتىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » نامىدىن دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە، مىللىي پارلامېنتلار تەركىبىدىكى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتلىرىغا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىغا ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس مۇراجەتنامە يوللاشنى تەلەپ قىلدى. « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ باش سېكرېتارلىقى ئەركىن ئالپتېكىننىڭ يۇقارقى تەلىپىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، 1991 - يىلى قۇرۇلغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » غا دۇنيادىكى 50 مىللەت ئەزا بولۇپ، بۇ 50 مىللەت دۇنيادىكى 100 مىليوندىن ئارتۇق خەلققە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەركىن ئالپتېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ 3 نەپەر قۇرغۇچى ئەزاسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە ئىككى يىل بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئارقىدىن 4 يىل ئۇندا باش رەئىسى بولۇپ سايلانغان ئىدى. ھازىر ئەركىن ئالپتېكىن بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى.

يېقىندا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ پەخرى رەئىسى مەشھۇر سىياسىيون ئەركىن ئالپتېكىن، گوللاندىيەنىڭ لاھېي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، 1999 - يىلىنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 - يىللىقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى ھەمدە بۇ تەشكىلاتنىڭ باش سېكرېتارلىقىدىن بۇ ھەقتە پۈتۈن تەشكىلات ئەزالىرىنى تولۇق خەۋەردار قىلىشنى، ھەرقايسى ئەللەردىكى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى خىتاي ئەلچىخانىلىرىغا نارازىلىق مەكتۇبى يوللاپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى دەرھال توختىتىشنى ئۈچۈن

## قازاقىستان ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانلىق 5 نەپەر سىياسىي قاچقۇننى قويۇپ بەردى

« خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاخبارات شۆبىسى » نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بىرقانچە ئاي ئىلگىرى « قازاقىستان دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى » نىڭ مەخپىي تۈرمىسىدە قاماقلىق تۇرۇۋاتقان 5 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق سىياسىي قاچقۇن يېقىندا قازاقىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلگەن.

قازاقىستاندىكى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى بۇ خەۋەردىن ئىنتايىن سۆيۈندى ۋە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى، ئىنسان ھەقلىرى جەھەتتە تاشلانغان مۇھىم قەدەملەرنىڭ بىرى، دەپ قاراشتى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## ئەركىن ئالپتېكىن دالاي لاما بىلەن كۆرۈشتى

يېقىندا « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ پەخرى رەئىسى مەشھۇر سىياسىيون ئەركىن ئالپتېكىن گېرمانىيەدىكى فرانكفۇرت ئايرودرومىنىڭ ئالىي مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش زالىدا تىبەتلىكلەرنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي داھىيسى دالاي لاما بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش جەريانىدا ئۇ ئىككى قەدىناس دوست خەلقئارا ۋەزىيەت، خىتاي ۋەزىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىرلەشتى. شۇنىڭدەك ئۇلار يەنە، 1985 - يىلى شۋېتسارىيەنىڭ زۈرىخ شەھىرىدە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرى بىرلىكى » تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ھەمكارلىق پائالىيەتلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ 3 تەرەپنىڭ خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردىكى ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كېلىشتى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، ئەركىن ئالپتېكىن « شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرى بىرلىكى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئۇ، تەشكىلات قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر بۇ ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

## ئىلى دەريا بويىدا 29 نەپەر بىگۇناھ ئۇيغۇر ياش قولغا ئېلىندى

« خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاخبارات شۆبىسى » نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 99 نەپەر ئۇيغۇر ياش ئىلى دەرياسى بويىدا توپلىنىپ سەيلە قىلىپ ئولتۇرغاندا، تۇيۇقسىزلا دەريا بويىغا لىق خىتاي ئەسكىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قاچىلانغان 7 ماشىنا باستۇرۇپ كەلگەن. ( داۋامى 2 - بەتتە

## تەيۋەن بىلەن خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلەشتى ئامېرىكا خىتاي ھۆكۈمىتىنى تەيۋەنگە قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇردى

( خەۋىرى 2 - بەتتە )

# ۋاڭ لېجۇەن :

# « مىللى بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىردەممۇ توختاپ قالغىنى يوق »

گېزىتىمىز مۇخبىرى دىيارىمىزنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، ئاتالمىش « ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم » نىڭ باش سېكرېتارى ۋاڭ لېجۇەن يېقىندا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان « ئاپتونوم رايونلۇق مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى يىغىنى » دا قىلغان مەخسۇس سۆزىدە، شەرقىي تۈركىستاندا مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلەرنىڭ توختىماي داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « مىللى بۆلگۈنچىلەر » گە قارشى كۈرىشىنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ۋاڭ لېجۇەن، ھەردەرىجىلىك « مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش » خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان بۇقېتىمقى ئىچكى يىغىندا ئەينەن مۇنداق دېگەن : « ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائى ئەھۋالى يەنىلا بىرقەدەر مۇرەككەپ.مىللى بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىردەممۇ توختاپ قالغىنى يوق. بۇكۈرەش ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس. مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش - بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشتىكى ئاساسى خىزمەت. بۇخىزمەتنى پۇختا تۇتۇپ، ئاممىنى تولۇق قوزغىغاندىلا ئاندىن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى يوشۇرۇنىدىغان جاي تاپالمايدىغان قىلىپ قويىمىز. مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى ئۇدا بىرقانچە يىل ئىلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇخىزمەتكە قارىتا ئىدىيەدە قىلچىمۇ مۇجىمەللىشىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن:

( 1 ) قاتتىق زەربە بېرىشنىڭ كۈچلۈك ھەيۋىسىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، زەربە بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىنى بىخ ھالىتىدىلا ئۈگىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۈشمەنگە ھېچقانداق ئارام بېرىش پۇرسىتى بەرمەسلىك.

( 2 ) ئاساسى قاتلامنى تولۇقلاش پىرىنسىپى بويىچە ، سىياسى جەھەتتە مۇستەھكەم.كەسپى ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى مىللى كادىرلارنى تەربىيلەش، ئاكتىپلار قوشۇنىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كېڭەيتىش كېرەك.

( 3 ) يۈزتۇرانە تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىشنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇپ، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى ۋە سىياسى ئېڭىنى ئۆزگەرتىش، ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ مىللى بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش.

( 4 ) دىنى ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنى زاتلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇش ۋە قوغداش كېرەك. دىنى ئەسەبى كۈچلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش كېرەككى، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ يول قويماسلىق كېرەك.

( 5 ) تەربىيەنى كۈچەيتىپ، بولۇپمۇ ياشلارنى ئوختۇلۇق ۋە كۆپلەپ تەربىيلەپ. ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ئىلمى دۇنيا قاراش، ماركسىزىملىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى ۋە مىللەتچىلىك قىلمايدىغان يۇقىرى ساپالىق بىرتۈركۈم ئىزباسارلارنى تەربىيلەپ چىقىش كېرەك ».

( تەھرىردىن ئىزاھات: ۋاڭ لېجۇەننىڭ يۇقارقى سۆزلىرى ئۇنىڭ « ئاپتونوم رايونلۇق مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتى يىغىنى » دا قىلغان. « ئاساسى قاتلام ئۇل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم » دېگەن تېمىدىكى نۇتقىدىن ئېلىنغان بولۇپ، تاشقى دۇنيادىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىشىغا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، ۋاڭ لېجۇەننىڭ نۇتقىنى ئەينەن ئىقتىباسلارغا سۇندۇق )



# يەكەن ناھىيىسىدە 12 نەپەر ئۇيغۇرغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، ئىككى ئۇيغۇر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز دىيارىمىزنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا « يەكەن ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى » ئوچۇقسوت يىغىنى ئېچىپ، مەمتىمىن ئۆرەك، ئۆمەر ئوسمان قاتارلىق 12 نەپەر ئۇيغۇر ياشقا ھۆكۈم ئېلان قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەمتىمىن ئۆرەك بىلەن ئۆمەر ئوسمانلار ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، شۇكۈنى خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان، ئۇرمۇھەممەت سادىق مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسى ھوقۇقىدىن ئۆمۈربويى مەھرۇم قىلىنغان، ئىسلام قۇربان قاتارلىق 8 نەپەر ياش ئايرىم - ئايرىم ھالدا 15 يىللىققىچە مۇددەتلىك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

خىتاي سوتىنىڭ ھۆكۈمنامىسىغا ئاساسلانغاندا، شېھىت قىلىنغان مەمتىمىن ئۆرەك بىلەن ئۆمەر ئوسمانلار، « يەكەن ناھىيە ئىگەچى يېزىلىق ساقچىخانىسىنى پارتلىتىشقا قاتناشقان ۋە « 31 - ئۆكتەبىر » پارتلاش ۋەقەسى بىلەن « 2 - نويابىر ۋەقەسى » نى پەيدا قىلغان بۆلگۈنچىلەرنى يوشۇرغان » دەپ ئەيىپلەنگەن.

# ئۈرۈمچى شەھرىدە مەجبۇرى قان تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز دىيارىمىزنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇيىل كىرگەندىن بۇيان خىتاي دائىرلىرى ئۈرۈمچى شەھرىدە مەجبۇرى قان تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى قوزغاپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، زاۋۇت - كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى، ئوقۇغۇچى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنى قان « تەقدىم » قىلىشقا زورلىغان. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇيىلنىڭ بېشىدىن ھازىرغا قەدەر بۇھەرىكەت جەريانىدا شەھەر بويىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قان « تەقدىم » قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ 80 پىرسەنتى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەر ئىكەن.

« جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قان تەقدىم قىلىش قانونى » ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، خىتاي دائىرلىرى ھەريىلى ئالاھىدە كۈچ تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى پۇخرالىرىنى مەجبۇرى ھالدا قان « تەقدىم » قىلىشقا قىستىغان، ھەرىيىللىق قان تەقدىم قىلىش دولقۇنى جەريانىدا قان تەقدىم قىلغۇچىلارنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپىرەكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق يەرلىك خەلقلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈرۈمچى سەھىيە تارماقلىرىنىڭ بىلدۈرىشىچە، توپلانغان قانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى قانغا جىددى ئېھتىياجلىق ئورۇنلارغا يۆتكەپ ئاپىرىپ ئىشلىتىلگەن.

مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا ئۆتكەن يىلمۇ ئۈرۈمچى شەھرىدە جەمئى مىڭ 18 نەپەر كىشى مەجبۇرى قان « تەقدىم » قىلغان بولۇپ، پەقەت 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە قان « تەقدىم » قىلغان 4482 نەپەر كىشىدىن جەمئى 896 مىڭ 200 مىللى لېتىر قان ئېلىنغان.

ئۆزمۇخبىرىمىزنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۆتكەن يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بويىچە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئەڭ قاتتىق ئىجرا قىلغان رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خىتاي دائىرلىرى ئىقتىسادى جەھەتتىن جازالاش، تۈرمىگە تاشلاش، ئىشتىن ھەيدەش ... قاتارلىق تۈرلۈك ۋەسىلىلەرنى ئىشقا سېلىپ، يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدە « پىلانلىق تۇغۇش » نىسبىتىنى 99.9 پىرسەنتكە، ئاياللارنىڭ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش نىسبىتىنى 81.76 پىرسەنتكە، ئۇزاق مۇددەت تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش نىسبىتىنى ( تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغانلار ) 66.34 پىرسەنتكە يەتكۈزگەن.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

# خوتەندىكى دىنى ساھە قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىماقتا

مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدىغان جايى. قايسى يەردە مۇسۇلمان بولىدىكەن، شۇ يەردە مەسجىد بولىدۇ. مەسجىد، مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان، ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پائالىيەت مەركىزى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى بەزى ھادىسىلەرگە ھۆكۈم قىلىش مەركىزى. مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن مەسجىدنىڭ مۇناسىۋىتى شۇكى، مۇسۇلمانلارنى مەسجىدتىن ئايرىۋەتكەنلىك، ئۇلارنى قانات - قۇيرۇقىدىن، كۆرىدىغان كۆزىدىن، سۆزلەيدىغان تىلىدىن ئايرىۋەتكەنلىك. مۇسۇلمانلارنى مەسجىدتىن ئايرىۋەتكەنلىك، ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان مۇقەددەس بۈيۈك ئىنسانى ھوقۇقىدىن ئايرىۋەتكەنلىك ۋە ئىنسانى قەدىر - قىممىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق. دېمەك، مەسجىد مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرى، شۇنداقلا پەخرى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كوممۇنىستلار دىنسىزدۇر، كوممۇنىستىك پارتىيە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئالى ھۆكۈمرانىدۇر. خەلقىمىز مەسجىدنى ئەنەنىۋى سەپسەتىۋى ۋە خۇراپى كوممۇنىستىك ئەقىدىلەرگە قارشى قالقان قىلغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ئېتىقادىنى قوغداپ كەلگەن ئىدى. بۇخىل رىياللىقنى كومپارتىيە سىنىپى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە كوممۇنىستىك ئەقىدىنىڭ تارقىلىش يولىغا قويۇلغان توساق دەپ قاراپ، دۈشمەنلىك تىغ ئۇچىنى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە پۈتكەن مەسجىدلەرگە قاراتقان بولۇپ، كومپارتىيە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان 49 يىللىق تارىخ، مەسجىدلەرنىڭ ۋەيران قىلىنىش تارىخى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى، شەرقىي تۈركىستان مەسجىدلىرىنىڭ كىشىنى ئويغا سالىدىغان ئاددى مىسالى بولالايدۇ.

1949 - يىلى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىشتىن بۇرۇن، خوتەن ۋىلايىتىدە 7489 ئورۇندا مەسجىد، 263 دىن ئارتۇق مەدرىس، 8100 دىن ئارتۇق دىنى ئۆلىما، 12000 دىن ئارتۇق تالىپ بار بولۇپ، ھەر 87 ئادەمگە بىر مەسجىد، 81 مۇسۇلمانغا بىر ئۆلىما توغرا كېلەتتى. كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ئىدىيەنى مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئېتىقادىنى يوقۇتۇش، قۇربان بېرىش روھىنى سۇندۇرۇش، ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىش، ئۆزىنىڭ ئەسلى - نەسلىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ۋە مۇستەملىكە رايوننى ئۆزىنىڭ ئايرىلماس زېمىنى قىلىشنىڭ مۇھىم بىرئاملى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ سىياسى قانلىق قىلىچىنى ئىسلام دىنى ھەم دىنغا ئىشىنىدىغان خەلق ئۈستىدە ئوينانتتى. كوممۇنىستىك پارتىيە ھەرخىل بانا - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، مەشھۇر زاتلارنى، ئاتاقلىق دىنى ئۆلىمالارنى، خەلققە باش بولالايدىغان سىياسيون ئەرباپلارنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى، مەخپى ۋە ئوچۇق - ئاشكارە ئۆلتۈردى، تۈرمىلەرگە سولاپ، نەچچە ئون يىللىق، ھەتتا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، ئۇلارنى جەمىيەتتىن، خەلقتىن ئايرىۋەتتى. شۇ سەۋەپتىن خەلق قوزغىلىپ ئارقا - ئارقىدىن كوممۇنىستلارغا قارشى ئازاتلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، كوممۇنىستلارنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا باستۇرۇلدى. كوممۇنىست ھاكىمىيەت مۇستەملىكىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقىمىزنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى چىقىش روھىنى يىلتىزىدىن يوق قىلىش مەقسىتىدە، ھەر - خىل قەدەم باسقۇچلۇق ئالدامچىلىق سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزدى. 1958 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش « دىنى ساھەدىكى ئىسلاھات تۈزۈمى... ». دىنى ساھەدىكى ئىستىل تۈزۈتۈش ھەركىتى »، باسمىچى سىياسەتنىڭ كۆنىسىرى ۋەھشىلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولدى. ئۇلار مەدرىسلەرنى پېچەتلىدى، مۇددەرىسلەرنى تۇتقۇن قىلدى، دىنى ئوقۇغۇچىلارنى تارقىتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ، تارىخى ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان جايلارنى ۋەيران قىلىشقا كىرىشتى. خوتەن شەھرىدىكى ئالتۇن مازاردا مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرىمىزنىڭ مەقبەرىسى، ئاتاقلىق ئىسلام غازاتچىلىرىمىزنىڭ شېھىتلىكى، مۇقەددەس ئىسلامنى، ئېسىل ئەنئەنىنى، پارلاق مەدەنىيەتنى قالدۇرۇپ كەتكەن سانسىزلىغان ئاتا - ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەقبەرىسى بار بولۇپ، ئىمارەت ھەم گۈمبەزلىرى ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇر ئىدى. ئالتۇن كۆل خوتەندىكى مەشھۇر جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، يىلدا بىر بولىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەركىزى ئىپەك - پىلە سودىسى، شۇنداقلا تاشقى سودا پائالىيەتلىرى مۇشۇ كۆل بويىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. كوممۇنىست ھاكىمىيتى مۇسۇلمانلارنىڭ جان تومۇرى، ئىپتىخارى بولغان بۇ جايغا ئىپلاس قولىنى سوزۇپ، ئاتاقلىق دىنى ئەرباپلار، مەشھۇر ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئۇلارنى مەجبۇرى ھالدا ئەمگەككە سېلىش، قارشى چىقسا، «كومپارتىيەگە قارشى چىقتى» دەپ قاراپ ئىشتىن ھەيدەش شەرتى ئاستىدا ئالتە ئاي مەجبۇرى ئەمگەككە سالدى. تارىخنىڭ گۇۋاچىسى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تارقاتقۇچىسى، ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ نامايەندىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسى، سىياسەت، مەدەنىيەت، مەرىپەت مەركىزى خاراپلىققا ئايلاندى. مەسجىد، مەدرىسلەر چېقىپ تاشلاندى. قەبرىلەر بۇزۇلۇپ، يەرلىكلەرگە سۇ باشلاپ تۈزلىۋېتىلدى. كىتاپلار كۆيدۈرۈلۈپ، ئەبدى مىراسلار يوق قىلىندى. جاھالەت قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتقان، خەلقنىڭ قارا دىلىنى ئاقارتقان، خەلقنى ئىلىم - مەرىپەت، تەرەققىيات گۈلشىنىگە ئېلىپ بارىدىغان نۇرلۇق مەشئەل ئۆچۈرۈلدى. شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى قايتىلاندى. خەلقنى دۇنيادا تەرەققىياتىدىن، يېڭى ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىدىن ئايرىۋەتتى، خەلق ئۆز ھوقۇقىدىن ئايرىلدى، شۇنداقلا خەلق ھەممە نەرسىدىن ئايرىلدى. رەھىمسىز سىياسەت تۈپەيلىدىن 1966 - يىلىغا كەلگەندە خوتەن ۋىلايىتىدە بىرمۇ مەدرىس قالمىدى، دىنى ئوقۇغۇچىدىن بىرسىمۇ دىن ئۆگىنىشكە پېتىنالمىدى، مۇددەرىسلەر قامال قىلىندى. مەسجىدلەردىن 1681 مەسجىد قالغان بولۇپ، بۇلارمۇ پۈتۈن خەلق قاتتىق قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىنچە قالدۇرۇلغان ئىدى. چېقىۋېتىلگەن مەسجىدلەرنىڭ ياغاچ - تاشلىرى كوممۇنادا كوممۇنىست قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، ئوتۇن قىلىپ قالاندى، خەلقنىڭ قان تەرى بۇلاندى، بۇزۇلدى، ۋەيران قىلىندى، ئۆلىمالارنى تۇتقۇن قىلىش، ئۆلتۈرۈش، تۇۋا قىلدۇرۇش قاتارلىق باسمىچى سىياسەت يۈرگۈزۈلگەچكە، ئۆلىمالارنىڭ سانى ناھايىتى تېز ئازلاپ 2634 نەپەرگە چۈشۈپ قېلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى 525 كىشىگە بىر مەسجىد، 335 كىشىگە بىردىن ئۆلىما توغرا كېلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1966 - يىلى جۇڭگودىكى زۇلمەتلىك يىللار باشلاندى، دەھشەتلىك سىياسەت كەسكىنلەشتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى يەنە بىر قېتىم ئېغىر زەربىگە دۇچ كەلدى. تارىختا داۋاملىشىپ كەتكەن مۇستەملىكە سىياسەت قاتتىقلاشماقتا ئىدى، ئۆلىمالار تۇتقۇن قىلىندى، ئۆلتۈرۈلدى، مەسجىدلەر ئارقا - ئارقىدىن چېقىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئاتخانا، قوتان، توڭگۇزخانا، ئامبار، سامانخانا، مەجلىسخانا قىلىندى. خەلق ئىچىدە بىرمۇ مەسجىد بولماسلىق ھالىتى شەكىللىنىپ، مەسجىدلەر پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلاندى. ئۆلىمالارغا قالپاق كەيگۈزۈپ، ئۇرۇپ - قىيناپ ساق قالغانلىرى 1400 ئەتراپىدا ساقلىنىپ قالدى، بۇلار پەقەت ئەڭ ئاددى، يەنى ئېغىر ئۇرۇش ۋە پەپەن قىلىش جازاسى بېرىلگەنلەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىرمۇ مەسجىد بولماسلىق، ساندا 754 ئادەمگە بىر ئۆلىما توغرا كېلىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، خەلقنىڭ ئىسلام ئېتىقادىغا ئېغىر زەربە بېرىلدى. 12 يىل داۋام قىلغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى خەلقنى ئېتىقاد، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، تەرەققىيات، گۈللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېغىر پاجىئەلەرگە دۇچار قىلغاندىن كېيىن، 1978 -

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

يىلى ئاخىرلاشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەھشى قارا سىياستىنىڭ مۇۋاپىقىيىتىدىن كېيىن. خەلقنى ئالداش. بۇلاش. ئۆلتۈرۈش، ۋەيران قىلىش، تۇتۇپ قىيناش، پىپەن قىلىش. كىتاپلارنى كۆيدۈرۈش قاتارلىق ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ دۈشمىنى بولغان جىنايى قىلمىشلىرىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش ئارقىلىق خەلقنى تېخىمۇ ئالدىدى. پارتىلاش ئالدىدا تۇرغان خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە سۇ چاچتى. شۇ ئارقىلىق مەسجىدلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆلىمالارنى ئورنىغا قويۇش. ( پەقەت قورچاق ئۆلىمالار ) قاتارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن مەسجىدلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بەردى. مەسجىد سېلىشقا ۋاقىتلىق رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 90 يۈەنگە يەتمەيدىغان مۇسۇلمانلار يەنە قايتىدىن قان - تەرلىرىنى تۆكۈپ مەسجىد سېلىشقا باشلىدى. نۇرغۇن جايلاردا ئىقتىسات يېتىشمىگەنلىكتىن، مەسجىدلەر ئاددى. كۆرۈمسىز. پاكار سېلىندى. قاتتىق توپا ۋە بورا ئۈستىدە ناماز ئوقۇدى. بۇخىل ئارمانغا يەتكەن دەرمانسىز خەلق ئاددى مەسجىدلىرىدە ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ ۋە تەرەققى قىلدۇرۇپ. خەلقنى ھەقىقەت يولىغا قارىتىشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ 1982 يىلىغا كەلگەندە خوتەن ۋىلايىتىدە 3212 مەسجىد بارلىققا كەلدى. ھايات قالغان. ئۇرمىدىن قاماق جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ھەم كېيىن ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان ئۆلىمالاردىن 4067 بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كومۇنىستىك پارتىيە مەجبۇرى سېتىۋالغان، ئالداپ خىزمەت قىلدۇرىۋاتقان. مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا ساختىلىق قىلىشقا مەجبۇرلانغان مۇناپىق ئۆلىمالارمۇ بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا 351 كىشىگە بىر مەسجىد، 277 كىشىگە بىر ئۆلىما توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا ئىسلام دىنىنىڭ كۈچىيىشى ئەگرى - توقاي سىياسەتلەر ئاستىدا بوشاشماي خېلى كۆپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. سىياسەت يەنە كەسكىنلەشتى. كومۇنىستلار يەنىلا كومۇنىست. ئۇلار دىنسىز. ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ئوت بىلەن سۇغا ئوخشاش. كومۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئىسلام دىنى بولىدىكەن، كوممۇنىستىك كۆزقاراش يۈتتىرەپ تۇرالمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئاممىسى بولىدىكەن، مۇستەملىكە داۋاملاشمايدۇ. دەپ قاراپ. 1993 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىچەنجۇڭ. « خوتەندە 1100 مەكتەپ. 4500 مەسجىد بار، مەكتەپ ئاز، مەسجىد كۆپ. مەسجىدنى كۆپەيتىپ سېلىش قەتئى چەكلىنىدۇ. رىمونت قىلىشقا، قورۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە. كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە قەتئى يول قويۇلمايدۇ» دىگەن ياۋۇز سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ. قىلچە ئىلمىلكى بولمىغان بىمەنە بۇيرۇقنى چۈشۈرگەن. زۇلۇم. كۈچلۈك سىياسەت، ئېغىر جازا، جەرىمانە كۆپ بولۇشتەك سىياسى قاراڭغۇلۇق داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خەلقنىڭ ئېھتىياجى، مۇسۇلمانلارنىڭ قورۇقماس روھى. پىداكار ئىرادىسى ۋە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان پائالىيەتچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، 1995 - يىلى مەسجىد سانى 5657 گە، ئۆلىمالار 5900 گە يېتىپ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىش نىسبىتى 258 ئادەمگە بىر مەسجىد. 247 ئادەمگە بىردىن ئۆلىما توغرا كېلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن بولۇپ. كومۇنىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقۇرى سان ھېساپلىنىدۇ.

خوتەندىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئويغىنىشى، ئۆز ئىستىقبالى ھەم ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھىنىڭ تىكلىنىشى، قۇربان بېرىش ئىرادىسىنىڭ كۈچلىنىشىگە ئەگىشىپ كومۇنىست سىياستىنىڭ دەھشەتلىك ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرۈۋالغان خەلق ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كومۇنىست ھاكىمىيەتكە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

بۇ خىل سىلىسى ۋەزىيەتنى ئۆگىشىش ئۈچۈن، كوممۇنىست پارتىيە ئەشەددى ياۋۇزلۇقلارنى ئىشلىتىپ، مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزدى. دۆلەت غەزىنىسى قورۇغدىلىپ قالغان. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنى تارقىتالماي قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنە خىتاي ھاكىمىيىتى زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى ھەم ئىختىسادى مەبلەغ ئاجرىتىپ، يېزا - بازارلار، ئاھالە كومىتېتلىرى ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا. « ئۇنىۋېرسال كۈرەش، سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە، ئاساسى قاتلام پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش» دىگەن ناملاردا ھەر يىلى ئادەم ئەۋەتىپ، دىنغا قاراتقان بىسىم سىياستىنى كۈچەيتىپ، موسۇلمانلار ئاممىسىغا زەربە بېرىپ ھەم يوقۇتۇپ. بۇ ئارقىلىق ياۋۇز سىياسەتنى قوغدىماقچى، مۇستەملىكىسىنى مۇستەھكەملىمەكچى، مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقىمىزنىڭ مۇستەملىكىگە قارشى تۇرۇش ئىختىدارىنى يوقۇتۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان.

1997 يىلى بۇ خىل سىياسەت تېخىمۇ كۈچەيدى. شەكلى ئوخشاش بولمىغان. ئەمما مەزمۇنى، زەربە بېرىش ئوبىكتى ئوخشاش بولغان زوراۋان سىياسەت قاتتىقلاشماقتا ھەم خەلقنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىماقتا ئىدى. « مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش» باھانىسى بىلەن. كوممۇنىست ھاكىمىيەت زەھەرلىك قولىنى يەنىلا ئىسلام دىنىغا قاراتقان بولۇپ، بۇ، تارىختىن بۇيانقى كومۇنىست زۇلمىنىڭ داۋامى ئىدى. « قانۇنسىز مەسجىد» دىگەن بانا بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ روھىغا، كۈنسىرى كۈچىيىۋاتقان ئىسلام ئويغىنىش ھەركىتىگە زەربە بەرگىلى تۇردى. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 1218 مەسجىد بىكار قىلىندى. 939 مەسجىد مەجبۇرى چېقىپ تاشلاندى. 279 مەسجىد مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ ئىشلىتىلدى. خەلقنىڭ قان - تەرى بۇلاندى، بۇزۇلدى، ۋەيران قىلىندى، خەلق ھاقارەتلەندى، ئىززەت - ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىندى. خەلق ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى...

ئاساسلىق زەربە بېرىش نۇقتىسى قارقاش ناھىيەسى بولۇپ، بۇ ناھىيەدە 770 تىن ئارتۇق مەسجىد چېقىپ تاشلاندى، 200 دىن ئارتۇق مەسجىد مۇسادىرە قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، قارقاش ناھىيەسىنى « مەسجىد



چېقىشتىكى نەمۇنچى، ئۈلگىلىك ناھىيە » قىلىپ، رادىيو - تېلېۋىزور، گېزىت - ژورناللاردا تەشۋىق قىلىپ، ئاشكارا ھالدا خەلق ئالدىدا داغ - دۇغا قىلىپ، خەلقنى قورقۇتۇپ مەسجىد سېلىش ئىرادىسىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدى.

يۇقارقىدەك بۇنداق ياۋۇز، بۇزغۇنچى سىياسەت ئاستىدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى مەسجىدلەرنىڭ سانى 21.5% ئازىيىپ، 4439 غا چۈشۈپ قالدى، خەلقنىڭ بىۋاستە ئىقتىسادى زىيىنى 36 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 400 يۈەنگە يەتمەيدىغان خەلق ئۈچۈن بۇ نىمە دىگەن ئېغىر زىيان - ھە؟ بۇنداق رەھىمسىز سىياسەت خەلقنى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار قىلىپ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ھەر 345 مۇسۇلمانغا بىر مەسجىد، 306 مۇسۇلمانغا بىر ئۆلىما توغرا كېلىدىغان ھالەت مەيدانغا كەلدى. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى 83 - يىلدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرغاندا، 15 يىللىق تەرەققىيات، 15 يىللىق قان - تەر، 15 يىللىق گۈللىنىش ۋەيران قىلىندى، قايتىدىن خەلققە زۇلۇم بولدى. بۇ جەرياندا 118 ئورۇندىكى دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسى پىچەتلەندى، ئوقۇغۇچىلار تۇتۇلۇپ قامال قىلىندى، 142 نەپەر ھەققانىيەتچى مۇسۇلماننىڭ ئۆيلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۇلار ئۆي - ماكانسىز قالدى، 919 نەپەر دىنى ئوقۇغۇچى ئېغىر جازالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق قاتتىق جازالاندى، نەزەربەنت قىلىندى، 172 كىشىنى 30 ئورۇندىن تۇتۇپ كېلىپ، « قانۇنسىز دىنى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى » دىگەن بانا بىلەن قولغا ئالدى، 108 نەپەر دىنى ئۇستازلارنى ئېغىر جازالىدى، ئۇلار تەربىيەلەش ئورۇنلىرىغا، ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا مەجبۇرى ئەۋەتىلىپ ئېغىر جىسمانى ئەمگەككە سېلىندى، ئىختىسادى جەھەتتە ھەسسىلەپ جېرىمانە قويۇلۇپ، تۇرمۇشى خاراپلاشتۇرۇلدى.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# شەرقىي تۈركىستاندىكى مەشھۇر شەخسلىرىمىزنىڭ قەۋرلىرى

ساتۇق بۇغراخان مازارى : ـــ ئورنى قەشقەرنىڭ ئاتۇش شەھرىدىكى ھەزرىتى سۇلتان مازارىدا . مىلادى 956 ـ يىلى ۋاپات بولغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىسلامنى تۇنجى قوبۇل قىلغان پادىشاھى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ـ ئابدۇلكەرىمخاننىڭ قەۋرىسىدۇر .

ماھمۇت قەشقەرى مازارى : ـــ ئورنى قەشقەر كونىشەھەر ئوپال كەنتىدە. « دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » ناملىق ئاتاغلىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ماھمۇت قەشقەرىنىڭ قەۋرىسى. دىنى ئۆلىما ، قاراخانىلار تارىخچىسى، قەشقەرنىڭ مەھكىمەئى قازىسى ـ موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ھىجرىيە 1252ـ يىلى كىتاپ ۋەخپە قىلغانلىق ھۆججىتىدە : « قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىپ ئالغان مۇلكۇم « مەسنەۋى شېرىپ » ناملىق كىتاۋىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا سۈزۈك بۇلاق ئۈستىدە دەفن قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى ھۆسەيىن ئوغلى قەلەم ئىگىسى بولغان ماھمۇت قەشقەرىنىڭ مازارىغا مۇتلەق ۋەقپە، ئەبەدى سەدىقە قىلدىم» دەپ يازغان . بۇ مازار بۈگۈن قەشقەردىكى ئەڭ كاتتا زىيارەتگاھلارنىڭ بىرىدۇر .

يۈسۈف خاس ھاجىپ مازارى : ـــ ئورنى قەشقەر شەھەر ئىچىدە. 11 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئەسەر « قۇتاتغۇ بىلىگ » نىڭ ئاپتورى. بۈيۈك مۇتەفەككۇر شائىر يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھى. قەشقەردىكى كاتتا زىيارەتگاھلارنىڭ بىرىدۇر .

بەدەۋلەت ياقۇپبەگ قەۋرىسى : ـــ ئورنى قەشقەر ھەزرەتتە، ئاپپاق خوجا قەۋرىسىنىڭ ۋە ياقۇپ بەگ مەسجىدىنىڭ يېنىدا . غازات ئۇرۇشى بىلەن شەرقى تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەن ئالى قوماندان ياقۇپ بەگ، 1877ـ يىلى خائىن نىيازبەگ تەرىپىدىن كورلىدا زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن قەشقەرگە كەلتۈرۈلۈپ بۇ يەرگە دەفنە قىلىنغان.

خوجا نىياز ھاجى قەۋرىسى : ـ ئۈرۈمچىدىكى دۆلەت تىلىۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى كونا شېھىتلىكتىكى يىگانە گۈمبەزلىك قەۋرە. 1933 ـ يىلىدىكى دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجانىيازھاجى 1937 ـ يىلى خىتاي ئىستىلاچىلىرى تەرىپىدىن ئالداپ شېھىد قىلىنغان.

ساۋۇت داموللام قەۋرىسى : ـ ئۈرۈمچى كونا شېھىدلىكتە، خوجا نىياز ھاجىنىڭ قەۋرىسىنىڭ شەرقى شىمالى 5 مېتىر يىراقلىقتا . 1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نىڭ قۇرغۇچىسى، ساۋۇت داموللام 1934 ـ يىلى روس ـ خىتاي سۇيىقەستىدە شېھىد بولغان.

ئەخمەتجان قاسىمى قەۋرىسى : ـــ غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزى باغچىسىنىڭ ئىچىدە. 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان « شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نىڭ رەھبىرى، ئەخمەتجان قاسىمى 1949ـ يىلى روس ـ خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئايرۇپىلان ۋەقەسى سۇيىقەستىدە 5 سەبدىشى بىلەن بىللە شېھىد بولغان.

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قەۋرىسى : ـ ئۈرۈمچى يېڭى شېھىدلىكتە. ئەللىك يىللىق ھاياتى خىتاي تۈرمىسىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق ئىسلام ئالىمى، ئىقتىدارلىق تارىخچى، تالانتلىق شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم 1984 ـ يىلى «پويىز ۋەقەسى » دە شېھىد بولغان.

( « ئۇچقۇن » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى رەتلەپ چىقتى )

## ھەييام ئىزىدىن

( رۇبائىلار )

ھىجران ( سۈرگۈندە )

تەڭرىدەك قۇدرىتىم بولسا ئىدى گەر ،
ئالمىدەك ئوينىسا ئالقىنىمدا يەر ،
پاچاقلاپ تاشلىسام تەڭسىز پەلەكنى،
ياراتسام قايتىدىن بىر گۈزەل شەھەر .
ئادالەت نۇرلىرى چاقنىسا ھەر ياق،
زالىم ۋە ئۆكتەملەر يوقالسا بىراق،
بۇ سۇلغۇن كۆڭۈللەر ئېچىلسا گۈلدەك،
ھاياتقا باغلىسا ھەر كىم ئىشتىياق.
سايرىسا چىمەندە گۈل ئىشقىدا قۇش،
جىمىقسا قۇزغۇن ھەم زاۋاللىق ھۇقۇش،
گۈزەللىك بەھرىدىن شاتلانسا ئالەم،
جاھاندا قالمىسا قورقۇش ـ ھودۇقۇش.
ۋە لېكىن بىر زەئىپ كۈچسىز بەندىمەن،
تەڭرىنىڭ ئالدىدا بوينى ئېگىلگەن،
تەڭرىگە ئېگىلسەم يېتەردى كاشكى،
بەندىگە ئىگىلىپ قەددى پۈكۈلگەن.
ئەي تەڭرىم كەچۈرگىن بىر سوئالىم بار :
« ئەقىل ۋە ئادالەت نىمە ئۈچۈن خار ؟
قوياشنى ھەممىدىن نۇرلۇق يارىتىپ،
تۇمان ۋە بۇلۇتنى ئەتتىڭ ئاڭا يار ؟ »
كەڭرىدۇر رەھمىتىڭ، پاك سۆيگۈڭ سېنىڭ،
ھەممىگە يېتەرلىك مېھرى ـ شەپقىتىڭ،
ئەجەبا ياراتمىش ئىكەنسەن مېنى،
ئىمكانسىز قۇل ئۈچۈن ئازمىدى رەھمىڭ؟
كەچۈرگىن ئەركىلەپ تاشلىدىم سوئال،
« كۇپرى» دەپ تاشلىماي رەھمىتىڭگە ئال،
قۇللىرىڭ قولىدا بىچارە قۇلمەن،
قولدا كىشەن، ئاياق ـ تىللىرىم قامال.
ئەقلىدىن سۆزلىسەم « غەۋغاچى» دۇرمەن،
يىراقنى كۆزلىسەم « سەۋدايى» دۇرمەن،
كۆزۈمنى يۇمۇپ گەر « سېنىڭ راست» دىسەم،
ھەممىدىن قىممەتلىك « ئەلاچى» دۇرمەن.
تەڭرىگە يارىسا مۇڭلۇق تىلىگىم،
تەڭرىنىڭ كۈچىدىن قۇچسا بىلىگىم،
ئەقلىدىن تۈگمەس بىر بۇلاق قېزىپ،
سۇغارسام ھەممىنى قانسا يۈرۈگۈم.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# « شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى ئۈزلۈكسىز زورايماقتا

گېزىتىمىزنىڭ شۋېتسىيەدە تۇرۇشلۇق مۇخبىرى جەمشىد سىدىق خەۋەر قىلىدۇ: « شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » قۇرۇلغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى كۈچەيتىپ، پائالىيەت دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاساسلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

بۇ تەشكىلات 1997 - يىلى 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شۋېتسىيەنىڭ پايتەختى ستوكھولمدا فارۇق سادىق قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سانى بىرقانچىلا كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەشكىلات رەئىس فارۇق سادىقنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى مۇستەھكەملەپ، شۋېتسىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئۆزلىرىدىن چەكسىز يىراقتا بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى شۋېتسىيە خەلقىگە، جۈملىدىن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە لايىقىدا ئاڭلىتىشقا تىرىشتى. ھازىر بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى دەسلەپكى بىرقانچە كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ 100 دىن كۆپرەككە يەتتى. تەشكىلات ئەزالىرى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن باشقا يەنە شۋېتسىيەلىكلەر، فىنلاندىيەلىكلەر ۋە باشقا مىللەتلەرگە مەنسۇپ خەلقلەر بار. چەتئەل ۋە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، يېقىندا بۇ تەشكىلات يەنە پايتەخت ستوكھولم شەھرىدە مەخسۇس ئىشخانا تەسىس قىلىپ، رەھبەرلىك سىستېمىسىنى مۇنتىزىملاشتۇردى.




( سۈرەتتە: يېقىندا تەشكىلات ئەزالىرى ستوكھولمدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشى قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى )



( سۈرەتتە: بۇيىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شۋېتسىيەدىكى خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىلى لىۋ بىياڭ « شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نى زىيارەت قىلىپ، جەمىيەت مەسئۇللىرى بىلەن كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە پىكىرلەشتى. كۆرۈشۈش جەريانىدا تەشكىلات رەئىسى فارۇق سادىق لىۋبىياڭغا ئەپەندىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتتى )




( سۈرەتتە: « 4 - ئىيۇن » بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇيىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ستوكھولمدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە نامايىشتا. « شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ 50 تىن ئارتۇق ئەزاسى قاتنىشىپ، بۇقېتىمقى نامايىشتىن پايدىلىنىپ شۋېتسىيە خەلقىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمىنى ئاڭلاتتى )

### ئابدۇجېلىل قاراقاش سەئۇدى ئەرەبىستاندا

ئۆزخەۋەرچىمىز: گېرمانىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى بۇيىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستاندا زىيارەتتە بولدى. ئابدۇجېلىل ئەپەندى زىيارەت جەريانىدا مەككە ۋە جىددە شەھەرلىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ پائالىيەت ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. جىددە شەھرىدىكى مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە كارخانىچى ئابدۇغوپۇر ئىمىن ئەپەندى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەشھۇر ئۇيغۇر جامائەت ئەرباپلىرىنى ئۆيىگە دەۋەت قىلىپ، ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندىنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇقېتىمقى چاي سۆھبىتىدە ئەرەبىستاندىكى مەشھۇر ئۆلىما ۋە جامائەت ئەربابىمىز رەھمەتۇللا ئىنايەتۇللا تۈركىستانى ئەپەندى ئەرەبىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفور ماتسىيون مەركىزى » نىڭ نۆۋەتتە تاشقى دۇنيادىكى ئىنتەرنەت تورىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئەڭ ئەتراپلىق ۋە ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە مەلۇمات تارقىتىپ كېلىۋاتقان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. شۇ ئىنداقلا ئەرەبىستاندىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نى ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە چاقىردى.

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى:
« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران
Tel&Fax. 0090 212 6790370

E TIC
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

ماقالىلارنىڭ
مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا
ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن
ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن
ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا
مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Uygurischer
Verein e. V
Konto:
907227110
BLZ:
70150000
Bank:
Stadsparkasse
Muenchen

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە
ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش
تەھرىر:
پەرھات مۇھەممەدى
كورېكتور: خەلچەم خەلىل

جانابى ئاللاھ
مەدەتكارىمىز
بولغاي!

« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ »( ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىن )

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي
گېزىت
گېزىتىمىز 1999 - يىلى
3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن
نەشىر قىلىنماقتا

1999 - يىلى 7 - ئاي
18 - سان
گېرمانىيىدە نەشىر قىلىندى
Eastern Turkistan
Information Center

## پەيزىۋات ناھىيىسىدە 7 نەپەر ھامىلە ئايال ئىچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان 28 نەپەر ئۇيغۇر ئايال قەشقەر پەيزىۋات ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى تەرىپىدىن ناھىيىلىك تۇغۇت چەكلەش دوختۇرخانىسىغا مەجبۇرى ھالدا ئېلىپ كېلىنگەن. بۇ ئاياللار « پىلاندىن سىرت » ھامىلە قالغىنى ئۈچۈن، دوختۇرخانا بۇلارنى بىر - بىرلەپ تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىپ، ھەممىسىنىڭ بالىياتقۇچىنى كېسىپ ئېلىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئاياللارنىڭ قورسىقىدىكى 7 - 8 ئايلىق بوۋاقلارمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ ئېلىپ تاشلىۋېتىلگەن. ئوپېراتسىيە جەريانىدا بۇ ئاياللارنىڭ 7 نەپىرى ئەقمەيدادىلا ئىچىنىشلىق ھالدا قانسىراپ ئۆلگەن. دوختۇرخانىدا ئۆلتۈرۈلگەن بۇ 7 نەپەر ئايال تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) مۆكەررەمخان، 25 ياش، پەيزىۋات ناھىيە يېڭى مەھەللە يېزىسىدىن؛

(2) قەمبەرخان، 30 ياش، پەيزىۋات ناھىيە يېڭى مەھەللە يېزىسىدىن؛

(3) ئايتۇللاخان، 29 ياش، پەيزىۋات ناھىيە جامباز يېزىسىدىن؛

(4) سۈپىرەمخان، 34 ياش، پەيزىۋات ناھىيە جامباز يېزىسىدىن؛

(5) نۇربىيە خېنىم، 27 ياش، پەيزىۋات ناھىيە جامباز يېزىسىدىن؛

(6) ھۆرنىساخان، 31 ياش، پەيزىۋات ناھىيە قىزىلبۇيا يېزىسىدىن؛

(7) ئامىنەمخان، 26 ياش، پەيزىۋات ناھىيە غولتوغراق يېزىسىدىن؛

## گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى

ئۆزخەۋىرىمىز: تۈركىيەدىكى « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ قارارىغا ئاساسەن بۇيىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە چاقىرىلىدىغان « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » ۋە كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ بولدى. بۇقېتىمقى يىغىننىڭ ساھىپخانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ئورتاق غايە ئۈچۈن ئۆزئارا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر - بىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، گېرمانىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ھالدا ئېلىپ باردى. ھازىرغا قەدەر يىغىن ئۈچۈن ئىئانە توپلاش، يىغىن زالى ۋە مېھمانخانا كىرالاش، تەكلىپنامە ھازىرلاش، يىغىنغا تەكلىپ قىلىنىدىغان خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە جەمىيەتلەر بىلەن دىيالوگ قۇرۇش ئىشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. يېقىندا يەنە يۇقارقى 3 تەشكىلاتنىڭ مەسئۇلى ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلات ۋە جامائەت ئەرباپلىرىمىزغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارغا گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان يىغىن ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. ئۇندىن باشقا يەنە قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزگە مىللىي قۇرۇلتاي ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش ۋە ئۇلار بىلەن ئەتراپلىق ھالدا كېڭىشىش ھەم پىكىرلىشىش مەقسىتىدە يېقىندا مىللىي قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلدى.

## كومۇركاندا 75 نەپەر ئۇيغۇر مەھبۇس ھاياتىدىن ئايرىلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خىتاي ساقچى دائىرلىرى بىرتۈركۈم ئۇيغۇر مەھبۇسنى يەكەن ناھىيە كاۋچىك يېزىسىنىڭ يۇقارقى تەرىپىدىكى بىر كومۇركانغا يالاپ ئاپىرىپ مەجبۇرى ئەمگەككە سالغان. بۇكومۇركان ھېچقانداق بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى بولمىغان ئىپتىدائى شەكىلدىكى كان بولۇپ، ئۇيغۇر مەھبۇسلار جىددى ئىشلەۋاتقاندا تۇيۇقسىز كانىنىڭ ئىگىزى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، كانىنىڭ ئاستىدا ئىشلەۋاتقان 75 نەپەر ئۇيغۇر مەھبۇس كانىنىڭ ئاستىدا قاپسىلىپ قالغان. ئەسلىدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كانىنىڭ ئېغىزىنى تەرەكتۇر بىلەن ئىككى سائەتتە ئېچىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت دائىرلىرى قەستەن بىرقانچە كۈنگىچە كانىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىشقا ھەرىكەت قىلمىغان، نەتىجىدە كانىنىڭ ئاستىدىكى 75 نەپەر ئۇيغۇر مەھبۇسنىڭ ھەممىسىلا نەپەس ئالالماي ئۆلۈپ كەتكەن.

## كېرىيەدىكى قاراخان تۈرمىسىدە 4 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇس ئۆلتۈرۈلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىرنىڭ ۋەتەندىن بىۋاستە بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 4 - ئايلاردا خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 4 نەپەر ئۇيغۇر سىياسىي ئۇتقۇنى ئۈستىدىن « ئۆلۈم جازاسى بېرىپ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش » ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇلارنى خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىكى قاراخان « ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى » غا ئاپىرىپ قامىغان. بۇيىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خىتاي ساقچى دائىرلىرى بۇ 4 نەپەر مەھبۇسنىڭ ئائىلىسىگە، « ئۇلار كېچىدە قېچىشقا ئۇرۇنغان ئىدى ئېتىپ تاشلاندى » دەپ ئۇختۇرۇش قىلغان. بۇ 4 نەپەر ياش تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئابدۇقادىر قارى، 25 ياش، خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدىن؛ (2) مەمەت تۇرسۇن قارىم، 20 ياش، چىرىيە ناھىيە چاقار يېزىسىدىن؛ (3) ئابدۇكېرىم قارىم، 22 ياش، كېرىيە ناھىيە توغراق يېزىسىدىن؛ (4) تۇرسۇن قارى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسى باغتوغراق كەنتىدىن؛

# ئاۋۇستىرالىيەنىڭ پايتەختى سىدنىدا « شەرقىي تۈركىستان كېچىلىكى » ئۆتكۈزۈلدى

يۇيىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ سىدنى شۆبىسى پايتەخت سىدنىدىكى سوكراتىس رېستورانىدا مەخسۇس « شەرقىي تۈركىستان كېچىلىكى » ئۆتكۈزدى. « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى كېچىلىككە، « سىدنى تۈرك قورۇلۇشلىرى فېدېراتسىيونى » نىڭ رەئىسى مۇزەپپەر ئوربال ۋە فېدېراتسىيون قارمىقىدىكى 10 دىن ئارتۇق تۈرك جەمىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، سىدنىدىكى تۈرك جامىسىنىڭ ۋە مەدەنىيەت ئارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە سىدنى شەھرىدە تۇرۇۋاتقان 50 تىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن بولۇپ جەمئىي 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

كەچ سائەت 7 دە باشلانغان بۇ كېچىلىكتە « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى سۆزقىلىپ، كېچىلىككە قاتناشقان تۈرك قېرىنداشلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: « بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار دۇنيادىكى 200 مىليون تۈركنىڭ پولاتتەك بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىغا ۋە شۇنداقلا سىرلەرنىڭ ياردىمىگىزلارغا مۇھتاجمىز. بۇلۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە يەنە كۆپلىگەن تۈركى خەلقلەر ئىمپېرىيالىستلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان بىرپەيتتە، دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى - ھەربىر تۈرك ئۈچۈن خۇددى سۇبىلەن ھاۋاغا ئوخشاش موھىم. بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار مەيلى دۇنيانىڭ قەيېرىگىلا بارايلى، ھەممىلا جايدا تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزگە نەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس ئەتتۇق ھەم ئەمىلىيىتىمىزدە كۆردۇق. بىزنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۆتكۈزۈپ كەلگەن خىتايغا قارشى نامايىشلىرىمىزدا بىزنىڭ سېپىمىزنى تولدۇرغان ۋە بىزگە ياردەم بەرگەنلەرنىڭ كۆپۈنچىسى تۈرك قېرىنداشلىرىمىز بولدى.مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىزگە ياردەم قىلغان بارلىق تۈرك قېرىنداشلىرىمىزغا شەرقىي تۈركىستانلىقلار نامىدىن رەخمەت ئېيتىمەن!».

ئارقىدىن « سىدنى تۈرك قورۇلۇشلىرى فېدېراتسىيونى » نىڭ رەئىسى مۇزەپپەر ئەپەندىم سۆزقىلىپ مۇنداق دېدى: « ھەقىقەتەنمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ خەتەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزتۈركلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، قەدەملىرىمىزنى تەگشەپ، يېڭىچە كۈرەش ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىپ دەرھال ئىشقا كىرىشىشىمىز كېرەك. بۇئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق قول بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىقتىسات بىلەن بولىدۇ، شۇڭا بىز ئاۋۇستىرالىيەدىكى تۈركلەر شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ماددى جەھەتتىن ياردەم بېرىشىمىز لازىم ».

مۇزەپپەر ئەپەندىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، كېچىلىككە قاتناشقان تۈرك قېرىنداشلار شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن بەس - بەس بىلەن پۇل ئىئانە قىلىشتى ھەمدە بۇخىل ياردىمنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

كېچە پائالىيىتى جەريانىدا بارلىق مېھمانلار كاۋاپ، مانتا - پولو، سامسا .. قاتارلىق ئۇيغۇرچە تائاملار بىلەن كۈتۈۋېلىندى ۋە ئۇيغۇرچە ناخشا - ئۇسۇل نومۇرلىرى كۆرسۈتىلدى، شۇنداقلا چەتئەللىك مېھمانلارغا يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى ئەكسئەتتۈرۈلگەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرى تارقىتىپ بېرىلدى.

# خىتاي ھۆكۈمىتى لى دېڭخۇيىنى « مىللى بۆلگۈنچى » دەپ ئەيىپلىدى

ئۇزخەۋىرىمىز: خىتاي ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى « شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى » يۇيىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەخسۇس باش ماقالە ئېلان قىلىپ، تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي ئەپەندىنى « مىللى بۆلگۈنچى » دەپ ئەيىپلىدى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، يۇيىل 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا لى دېڭخۇي ئەپەندى « ئىككى دۆلەت نەزىرىيىسى » نى ئېلان قىلىپ، تەيۋەن بىلەن خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بىردۆلەت بىلەن يەنە بىر دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان « بىردۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » نىڭ ئورنىغا، « بىرمىللەتتە ئىككى دۆلەتلىك تۈزۈمى » نى دەسسىتىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. لى دېڭخۇينىڭ بۇ نەزىرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى دەرھال قوشۇن ئۆلكىسىگە ئەسكەر توپلاپ، ھەربى قىسىملىرىغا ئۇرۇشقا ھازىرلىنىش ھەققىدە جىددى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تەيۋەنگە ھەربى جەھەتتىن قاتتىق تەھدىت سالغان ئىدى.

« شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى » نىڭ باش ماقالىسىدا، نۆۋەتتە تەيۋەندە مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە تامامەن لى دېڭخۇينىڭ سەۋەپچى بولۇۋاتقانلىقى، لى دېڭخۇينىڭ تەيۋەنلىك مۇستەقىلچىلەرگە ئاستىرتتىن مەدەت بېرىۋاتقانلىقى ۋە لى دېڭخۇينىڭ يېقىندا « ئىككى دۆلەت نەزىرىيىسى » نى ئېلان قىلىش ئارقىلىق « ۋەتەننى پارچىلاش » قا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ۋە شۇنداقلا لى دېڭخۇينىڭ تەيۋەندىكى ئەڭ چوڭ مىللى بۆلگۈنچىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىندى.

باشماقالىدا يەنە تەيۋەنگە تەھدىت سېلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: « ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش - جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەيۋەن مەسىلىسىدە بىز ، قورال كۈچى ئىشلەتمەيمىز، دەپ ۋەدە بېرەلمەيمىز. ئەگەر « تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقى » ئوتتۇرىغا چىقسا ياكى چەتئەل كۈچلىرى جۇڭگونىڭ بىرلىكىگە ئارىلاشسا، ئۇچاغدا بىز قولىمىزنى قوشتۇرۇپ قاراپ ئولتۇرمايمىز، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىنى بىز دۇنياغا قايتىدىن جاكالىماقچىمىز. لى دېڭخۇي جۇڭگونى پارچىلاش يولىغا ماڭسا، دۇنيادا ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمايدۇ ».

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، خىتاي ھۆكۈمىتى. « مىللى بۆلگۈنچى » دىگەن بۇسۆزنى مەخسۇسلا شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت خەلقىگە قارىتا قوللىنىپ كەلگەن ئىدى، بۇقېتىم خىتاي دائىرىلىرى بۇ كونا قالپاقنى تەيۋەنلىكلەرنىڭمۇ بېشىغا كەيگۈزدى.



تەيۋەننىڭ پرېزىدېنتى لى دېڭخۇي ئەپەندى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى « ئىككى دۆلەت نەزىرىيىسى » نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى

# خىتايدىكى كەلكۈن ئاپىتىدە 32 نەيەر خىتاي ئۆلدى

« شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى » نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يۇيىل 6 - ئايدىن باشلاپ خىتاينىڭ چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى ئۆلكىلىرىدە يۈزبېرىۋاتقان كەلكۈن ئاپىتىدە ھازىرغا قەدەر 32 نەپەر خىتاي ئۆلگەن، 7 شەھەرنى سۇبېسىپ كەتكەن، 3 مىڭ 600 گە يېقىن يېزا - كەنت ۋە 2 مىليوندىن ئارتۇق كىشى كەلكۈننىڭ قورشاۋى ئاستىدا قالغان، كەلكۈننىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادى زىيان 15 مىليارت يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

# «فالۇنگوڭ» تەرىقىتى خىتاينىڭ بېشىغا بالا بولدى



«ياۋروپا گېزىتى» نىڭ بۇيىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خىتايدا ئوتتۇرىغا چىققان «فالۇنگوڭ» تەرىقىتىنىڭ ئەچچە 10 مىڭ مۇرىدى بېيجىڭ شەھىرىدىكى جۇڭنەنخەينىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن «فالۇنگوڭ» تەرىقىتىنى چەكلىمەسلىكنى ۋە قولغا ئېلىنغان تەرىقەت مۇرىدلىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ھەددى - ھېسابسىز ساقچى ۋە ژاندارمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەقمەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا 4 مىڭدىن ئارتۇق تەرىقەت مۇرىدىنى قولغا ئالغان. باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن تەرىقەت مۇرىدلىرىنى ماشىنا ۋە ئاپتوبۇسلارغا مەجبۇرى بېسىپ، ئۇلارنى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سىرتىغا ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن. ئۇندىن باشقا يەنە شۇكۈنى خىتاينىڭ 12 ئۆلكىسىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق تەرىقەت مۇرىدى ھۆكۈمەت بىنالىرىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن. نامايىشلار جەريانىدا كۆپلىگەن مۇرىدلار ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، بۇيىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «فالۇنگوڭ» تەرىقىتىنىڭ 15 مىڭدىن ئارتۇق مۇرىدى بېيجىڭدىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى يەرلەشكەن جۇڭنەنخەي سارىيىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن مەزكۇر تەرىقەتنى قانۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇقېتىمقى نامايىش 1989 - يىلدىكى «بېيجىڭ ۋەقەسى» دىن كېيىن يۈز بەرگەن كۆلىمى ئەڭ زور نامايىش بولغاچقا، «فالۇنگوڭ» تەرىقىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق چۆچۈتۈپلا قالماي، بەلكى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ كۈچلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى جىددى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى «فالۇنگوڭ» تەرىقىتىنىڭ مۇرىدلىرىغا قارىتا قاتتىق چەكلەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان ئىدى.



7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بېيجىڭدا يۈز بەرگەن نامايىشتا «فالۇنگوڭ» تەرىقىتىنىڭ 4 مىڭدىن ئارتۇق مۇرىدى قولغا ئېلىندى

# «فالۇنگوڭ» تەرىقىتى قانداق پەيدا بولغان؟



ئۇۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىغا بالا بولۇۋاتقان «فالۇنگوڭ» تەرىقىتىنىڭ جەمئى 100 مىليوندىن ئارتۇق مۇرىدى بار بولۇپ، بۇ تەرىقەت 1992 - يىلى دۇڭ بېيلىق لى خوڭجى دىگەن سۇنايچى خىتاي تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇخىتاي ھازىر 48 ياشتا. ئۇنىڭ مۇرىدلىرىنىڭ سانى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىدىنمۇ بىرقانچە ھەسسە كۆپ.

تەرىقەتنىڭ قۇرغۇچىسى لى خوڭجى بۇرۇن «جىلىن ئۆلكىلىك ساقچىلار ئاخشا - ئۇسۇل ئۇمىگى» نىڭ سۇنايچىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللىرىدە «چىگوڭ» نى ئۆگىنىشكە باشلىغان، كېيىن ئۇ جىلىن ئۆلكىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا مۇلازىمەتچى بولۇپ يۆتكەلگەن ۋە بۇ يەردە بىرتەرەپتىن «چىگوڭ» نى باشقىلارغا ئۆگىتىشكە تىرىشسا، يەنە بىرتەرەپتىن «چىگوڭ» دىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاشقا باشلىغان. 1992 - يىلىغا كەلگەندە ئۇ بۇددىزىم بىلەن «چىگوڭ» نىڭ نەزەرىيىسىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا دىنى تۈس ئالغان «فالۇنگوڭ» تەرىقىتىنى قۇرغان ۋە «راستچىللىق، رەھىمدىللىق، سەۋرچانلىق» دىگەن بۇ 3 ئىبارىنى تەرىقەتنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن لى خوڭجى خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قىبتىراپ يۈرۈپ كەڭ كۆلەمدە مۇرىد توپلاشقا باشلىغان ۋە قىسقىغىنە بىرقانچە يىل ئىچىدە بۇ تەرىقەتنىڭ مۇرىدلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە شىددەت بىلەن كۆپەيگەن.

ئۇنىڭ مۇرىدلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭ مۇرىدلىرى ئىچىدە خىتاينىڭ ھازىرقى دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن ۋە باش مىنىستىرى جۇرۇڭجىنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىمۇ بارىكەن.

لى خوڭجى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، لى خوڭجى دىگەن بۇ خىتاي ئاسماندا پەرۋاز قىلالارمىش. 8 ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ كۆز قارچۇغىدا «راستچىللىق، رەھىمدىللىك، سەۋرچانلىق» دىگەن خىتايچە 3 دانە خەت پەيدا بولغانمىش. بۇخەتنى بۇ خىتايدىن باشقا كىشى كۆرەلمەسمىش. ئۇ يەنە ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەقىقەتلەرنى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى، تەرەققى قىلىش ئەھۋالىنى ۋە كەلگۈسىنى ئالدىن بىلەرمىش، ئۇ 12 يېشىدىن باشلاپ ئەۋلىيا - ئەنبىيالاردىن تەلىم ئالغانمىش مىش

# جەنوبى ئافرىقىدا 3 خىتاي ئۆلتۈرۈلدى

خىتايچە «ياۋروپا» گېزىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جەنوبى ئافرىقىدا مەبلەغ سېلىپ تۇرىۋاتقان 3 نەپەر خىتاي سودىگىرى جەنوبى ئافرىقىلىق بۇلاڭچىلار تەرىپىدىن تاپانچا ۋە پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇگېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، جەنوبى ئافرىقىلىق بۇلاڭچىلار خىتايلار ئاچقان دۇكانغا بېسىپ كىرىپ، دۇكاندىكى كىيىم - كېچەك ۋە گىلەملەرنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، دۇكاندىكى 3 نەپەر خىتاي ئۇلارنى توسقان، ئەتىجىدە بۇلاڭچىلار بۇ 3 خىتاينى ئەقمەيدانىدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، جەنوبى ئافرىقىدا تۇرىۋاتقان 500 دىن ئارتۇق خىتاي نامايىش قىلىپ، جەنوبى ئافرىقا دائىرىلىرىدىن قانۇننى چىڭىتىشنى ۋە خىتاي سودىگەرلىرىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇۋەقەدىن كېيىن، جەنوبى ئافرىقىدا تۇرىۋاتقان خىتايلار كۆدە - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قېچىشنىڭ كويىغا چۈشكەن.

# خىتاينىڭ فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى ھەربىي جىددىيلىك داۋام قىلماقتا



شاڭگاڭدىكى « ۋېنخۇيباۋ » گېزىتىنىڭ بۇيىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىنقى بىرقانچە كۈندىن بۇيان خىتاينىڭ فۇجيەن ئۆلكىسى دېڭىز ياقىسىغا جايلاشقان ھەربىي ئايرودورۇملاردا ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۇچۇش ۋە قونۇشى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپەيگەن ھەمدە ھەرقايسى قىسىملاردىكى ئوفىسېر - ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان دەم ئېلىش رۇخسەتلىرى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسكەرلەرگە ئۇرۇشقا ھازىر تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن.

شاڭگاڭدىكى « دوگفاڭ » گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك ئارمىيىسى بۇيىل 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا تەيۋەن بوغىزىدا بىرقېتىملىق ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق تەيۋەنگە بىۋاسىتە ھالدا بېسىم ئىشلىتىشنى پىلانلىغان. بۇگېزىتتە يەنە، ئۆۋەتتە كوممۇنىست خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش كەيپىياتىنىڭ ناھايىتى يۇكسەك ئىكەنلىكى، ئەمما بېيجىڭنىڭ تېخىچە ھەربىي قىسىملارغا ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ھەققىدە يوليورۇق بەرمىگەنلىكى، ھەربىلەرنىڭ پەقەتلا بۇيىل 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا بېيجىڭدا چاقىرىلىدىغان « بېيدەيخې يىغىنى » نىڭ قارارىنى ساقلاپ تۇرغانلىقى بايان قىلىندى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئالبېرت خانىم يېقىندا سىنگاپۇردا چاقىرىلغان « جەنۇبى ئاسىيا بىرلىكى » يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جياشۋەن بىلەن كۆرۈشكەندە، تاڭ جياشۋەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زورۇر تېپىلسا تەيۋەن مەسىلىسىنى قورال كۈچى ئارقىلىق ھەل قىلىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىگەن.

# شىڭداۋ گېزىتى جاڭ زېمىننىڭ پۈتۈن خىيالىنىڭ « جۇڭگونى بىرلەشتۈرۈش » ئارقىلىق تارىخى قەھرىمانغا ئايلىنىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى

« شىڭداۋ گېزىتى » نىڭ بۇيىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن يېقىندا بېيجىڭدا چاقىرىلغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ھەرقانداق زور بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر، ھەرخىل ۋاستىلار ئارقىلىق تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىنى توسۇپ، « دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى » قوغداش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شىڭداۋ گېزىتى » دە، بۇ مەسىلە ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى:

« جاڭ زېمىن بىلەن لى دېڭخۇينىڭ ھەرئىككىسىلا « تارىخى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە » سىياسى رەھبەرلەردىن ئىبارەت. خۇددى لى دېڭخۇي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىشقا ھەرىكەت قىلغىنىدەك، جاڭ زېمىنمۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان « جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش » كە تىرىشىپ كەلدى. 1997 - يىلى جاڭ زېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە شاڭگاڭ قايتۇرۇۋېلىنىپ، « بىر دۆلەتتە ئىككىخىل تۈزۈم » يولغا قويۇلدى. بۇيىلنىڭ ئاخىرىدا خىتاي يەنە ئاۋمىننى قايتۇرۇۋالىدۇ، ئەگەر جاڭ زېمىن ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە تەيۋەننىمۇ بىرلەشتۈرسە، ئۇچاغدا جاڭ زېمىن خىتاي تارىخىدىكى قەھرىمانلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ تۆھپىسى، ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ماۋزېدوڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭلارنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ زېمىن لى دېڭخۇينىڭ تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىش ھەرىكىتىدىن نەپرەت قىلمىدى، ئەكسىچە لى دېڭخۇينىڭ خىتاينىڭ تەيۋەننى قورال كۈچى ئارقىلىق ئىشغال قىلىشى ئۈچۈن ياخشى باھانە تېپىپ بەرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى ۋە بۇنى « ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى » ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قارىماقتا ».

« شىڭداۋ گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، جاڭ زېمىن بۇقېتىمقى يىغىندا تۆۋەندىكىدەك « 3 يول قويماسلىق » پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1. تەيۋەن مەسىلىسىدە ئۇنىڭ دائىرىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زۆرۈر تېپىلغاندا خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەيۋەن مەسىلىسىگە قول تىققان ئامېرىكا ۋە ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئەسكىرى بىلەن جەڭ قىلىش؛

2. زۆرۈر تېپىلغاندا ھەرقانداق ۋاستە قوللىنىش، يەنى ھەربىي ۋاستىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛

3. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومومى سەپەرۋەرلىك قوزغاپ، ئەگەر ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا ھەرقانداق بەدەللەر بىلەن ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىش ۋە بۇ ئارقىلىق « ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى » ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛

بۇ گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ھازىر خىتاينىڭ ئىسكىلاتلىرىدىكى ئاشلىق زاپىسى 3 يىلغا، ياختا زاپىسى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتقا يېتىدىكەن.

ئەمما چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدە پەقەت قۇرۇق تەھدىت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ ئۆۋەتتىكى ئىقتىسادى ۋەزىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلىشقا يار بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىشماقتا.



# ئامېرىكىدىن خىتايغا ئاگاھلاندۇرۇش

« ياۋروپا گېزىتى » نىڭ 7 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئالاقە كومىتېتىنىڭ ئاسىيا - تېنچ ئوكيان بۆلۈمى تەيۋەن كرىزى ھەققىدە مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، تەيۋەن بىلەن خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئۆۋەتتىكى جىددى مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلغان. يىغىندىن كېيىن ئاسىيا - تېنچ ئوكيان بۆلۈمىنىڭ رەئىسى توماس ئەپەندى باياناتى ئېلان قىلىپ، « ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەيۋەن مەسىلىسىنى قورال كۈچى ئارقىلىق ھەل قىلىدىغان بولسا، ئۇچاغدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا خەتەر يېتىكۈزۈپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ زىيان يېتىدۇ » دېيىش ئارقىلىق، خىتاي ھۆكۈمىتىنى مەسىلىنى تېنچ يول ئارقىلىق ھەل قىلىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.

ئۇندىن باشقا يەنە ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئالاقە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ھېلمس ئەپەندىمۇ باياناتى ئېلان قىلىپ، « ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پرېزىدېنت لى دېڭخۇينىڭ ۋە تەيۋەن خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاينىڭ تەھدىدى ئالدىدا كۆرسەتكەن جاسارىتىنى قوللايدۇ » دېدى.



# « بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىدا ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ سىياسى مۇلاھىزىسى ئېلان قىلىندى

ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىۋاتقان خىتايچە « بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ 1999 - يىلى 8 - ئايلىق سانىغا، ھازىر چەتئەلدە ئىستىقامەت قىلىپ تۇرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ياشلىرىمىزدىن دىلشات رىشىت بىلەن ئەركىن ئەكرەملەرنىڭ خىتايچە يېزىلغان ئىككى پارچە چوڭ ھەجىملىك سىياسى مۇلاھىزە خارەكتېرلىك ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

دىلشات رىشىت قەلەمگە ئالغان ، « شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى يالغۇز مىللى مەسىلىلا ئەمەس » دېگەن سەرلەۋھەلىك ماقالىدا، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي مىللىتى بىلەن يەرلىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان مەدەنىيەت - مائارىپ، سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى جەھەتلەردىكى تەڭپۇڭسىزلىقلار ۋە بۇلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەپلىرى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان موسۇلمانلىرىغا قاراتقان چېكىدىن ئاشقان دىنى بېسىمى، ئۇيغۇرلارنىڭ سەۋەپسىز تۇتقۇن قىلىنىش ئەھۋاللىرى، تۈرمىلەردىكى غەيرى ئىنسانى قىيىن - قىستاقلار، يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتىلغان مىللى كەمسىتىشلەر، پىلانلىق تۇغۇت، ئاتوم سىناقلىرى، خىتاي كۆچمەنلىرى مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنىڭ ۋە تارىخى مىراسلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراش ئەھۋاللىرى... قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئومومەن بۇ ماقالە ئىنتايىن پاكىتلىق، دەلىل - ئىسپاتلىق ۋە سېستىمىلىق ھالدا يېزىپ چىقىلغان.

ئاپتور بۇ ماقالىسىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللى كەمسىتىشلەر ھەققىدە توختالغاندا ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىك چاغلىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى مىسال قىلىپ كىرگۈزگەن بولۇپ، ماقالىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ بايان قىلىندۇ: « خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر تەرەپتىن ئازسانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان بېسىم سىياسىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارغا قارىتا مىللى كەمسىتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى كەڭ قورساق خەلق، مەن 1983 - يىلى ئەسكەرلىككە كىرگەندىن كېيىن، مەن تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ سىياسى كومىسسەرى مېنى چوشقا بېقىشقا بۇيرىدى، مەن تۇرغان قىسىمدا مەندىن باشقا موسۇلمان يوق ئىدى، مەن ئۆزەمنىڭ موسۇلمان ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ، چوشقا بېقىشنى رەت قىلغان ئىدىم، ھەربى قىسىمدىن ماڭا مەمۇرى جازا بەردى ۋە ئاخىرى چوشقا بېقىشقا مەجبۇر بولدۇم. 1984 - يىلى 8 - ئايدىن 1989 - يىلى 9 - ئايغا قەدەر مەن تىبەتنىڭ ئالى ھەربى رايونىدا خىزمەت قىلدىم، ئەينى چاغدا بۆيەردىكىلەرنىڭ مەندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى خىتاي ئىدى، خىتاي ئەسكەرلەر ھەر كۈنى ئىت ۋە چوشقا گۆشى قاتارلىق گۆشلۈك يىمەكلەرنى يەيتتى، مەن بولسام ھەر كۈنى قۇرۇق چۆپ يەيتتىم، تىبەتلىكلەر ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ماڭا قوتاز گۆشى ئەكىلىپ بەردى، ئەمما باشلىقلىرىم مېنى، « ئاممىدىن سوغات ئېلىپ، ھەربى ئىنتىزامنى بۇزغان » دەپ، ماڭا يەنە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەردى، دېمەك، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مىللى كەمسىتىشنى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىرقولۇق پەيدا قىلغان ».

ۋەتەنپەرۋەر ياش دىلشات رىشىتنىڭ بۇ ماقالىسى، ھازىرغا قەدەر تاشقى دۇنيادىكى خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىق سىياسىتى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ئەڭ ئەتراپلىق ۋە كۈچلۈك ماقالىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى، تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان نەچچە مىليونلىغان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى رىيال ھالدا چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن پەۋقۇلاددە موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇندىن باشقا يەنە ئەركىن ئەكرەمنىڭ مەزكۇر ژورنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسى ، « خىتاينىڭ مىللەتچىلىك نەزىرىيىسى » دېگەن تېمىدا بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ ئىلمى مۇلاھىزىسى ، « يەنجاچىنىڭ دېموكراتىك قارشى چوڭ خىتايچىلىق قارشىدىن ئىبارەت »، « يەنجاچىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئۇزۇن تارىخى مەنبەگە ئىگە »، « يەنجاچىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى ھېسسىياتچانلىقتىن ئىبارەت »، « مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى »، « خىتاي مىللەتچىلىكى مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى ئەمەس » دېگەن ماۋزۇلاردىكى پىراگراپلارغا ئايرىلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ مەزكۇر ماقالىسىدا خىتاي چوڭ مىللەتچىلىكىگە تارىخى نۇقتىدىن ئومومى يۈزلۈك باھا بېرىلگەن ۋە نۆۋەتتە تاشقى دۇنيادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان يەنجاچى قاتارلىق خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ بىرقىسىم رەھبەرلىرىنىڭ چوڭ خىتايچىلىق خاھىشى جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق كەسكىن ھالدا پاش قىلىنغان. ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىسى مەزكۇر ژورنالنىڭ « نەزىرىيىۋى ئىزدىنىش » دېگەن سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماقالە ناھايىتى يۇقۇرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

# كانادا ھۆكۈمىتى 122 نەپەر خىتاي ئاقىۋىنى قولغا چۈشۈردى

« ياۋروپا گېزىتى » نىڭ بۇيىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، كانادا ھۆكۈمىتى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كانادا تەۋەلىكىدىكى دېڭىز قىرغىقىدا دۆلەت تەۋەلىكى نامەلۇم بولغان بىر پاراخوتنى قامال قىلغان، كانادا ساقچى دائىرلىرىنىڭ بۇ پاراخوتنى ئاختۇرۇشى نەتىجىسىدە پاراخوتتىن 122 نەپەر قانۇنسىز خىتاي كۆچمىنى چىققان. كانادا ساقچىلىرى بۇ خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، ھەممىسىنى بىر ئەسكىرى بازىغا ئاپىرىپ سولاپ قويغان.

كانادا ساقچى دائىرلىرىنىڭ بىلدۈرىشىچە، گەرچە خىتاي كۆچمەنلىرىنى توشۇپ كەلگەن پاراخوتنىڭ ئىچى ئىنتايىن مەينەت ۋە نەپەس ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە بۇت - بۇرۇقتۇم بولسىمۇ، ئەمما پاراخوتتىكى خىتاي ئاقىۋنلىرىنىڭ ھەممىسلا ئېسىل كاستىيۇم - بۇرۇلكىلارنى كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ھەتتا پاراخوتتىكى بەزى خىتايلار ھېچ بىر ئىش بولمىغاندەك ھىجىرىشىپ كانادا ساقچىللىرىغا سالام بەرگەن.

# خىتاينىڭ « ئازاتلىق ئارمىيە گېزىتى » لى دېڭخۇينى « چەتنىڭ قورالغا تايىنىپ تەيۋەننى مۇستەقىل قىلماقچى » دەپ ئەيىپلىدى

خىتايدا چىقىۋاتقان « ئازاتلىق ئارمىيە گېزىتى » نىڭ بۇيىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى خەۋىرىدە، تەيۋەننىڭ پىرېزىدېنتى لى دېڭخۇينىڭ 10 يىلدىن بۇيان چەتئەلنىڭ قورال - ياراقلىرىغا تايىنىپ تەيۋەننىڭ ھەربى قىسىملىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئاستىرتتىن تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى. بۇگېزىتتىكى ماقالىدا تەيۋەنگە قارىتا تەھدىت سېلىنىپ مۇنداق دېيىلدى: « جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرىسۇڭ يېرىنىڭمۇ دۆلىتىمىزنىڭ خەرىتىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشىگە ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ ».



خەۋەرلەرگە قارىغاندا فۇجيەننىڭ دېڭىز قىرغىقىغا توپلانغان كوممۇنىست خىتاي ئارمىيىسىنىڭ زامانىۋى قىسىملىرى ئەڭ يۇقىرى ھەربى ھالەتكە ئۆتكەن ۋە تۈرلۈك مانىۋېرلارنى جىددىيلەشتۈرگەن.

## خىتايدا يۈز بەرگەن پارتلىتىش ۋەقەسىدە 15 كىشى ئۆلدى

چەتئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇيىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خىتاينىڭ چوڭ چىڭ شەھرىدە جەمئىي 285 مىڭ قاپ پارتلىتىش دورىسى قاچىلانغان چوڭ يۈك ماشىنىسى دەھشەتلىك پارتلاپ، نەق مەيداندىلا 15 كىشى ئۆلگەن ۋە 48 كىشى يارىلانغان. پارتلاش زەربىسىدىن ماشىنىغا 50 مېتىر يىراقلىقتىكى بىر بىنا پۈتۈنلەي گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن. بۇ قېتىمقى پارتلاشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ھازىرغا قەدەر تېخى ئېنىق بىر خەۋەر بېرىلمىدى.

## قۇددۇس شەھرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىشكە باشلىدى

تۈركىيەدىكى « ئاقىت » گېزىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس شەھرى قۇددۇس شەھرىدە ئەرەپلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى يەھۇدىلارنىڭكىگە قارىغاندا 3 ھەسسە يۇقۇرى بولغان. قۇددۇس ئىنستىتوتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 1998 - يىلى قۇددۇس شەھرىدە يەھۇدىلارنىڭ نوپۇسى بىر پىرسەنت، ئەرەپلەرنىڭ نوپۇسى بولسا 3.5 پىرسەنت ئاشقان. قۇددۇستا ئەرەپلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ شەھەردە ياشاۋاتقان يەھۇدىلار ئاستا - ئاستا باشقا شەھەرلەرگە كۆچۈشكە باشلىغان. ھازىرمۇ قۇددۇستا ياشاۋاتقان 633 مىڭ نوپۇسنىڭ 3 تىن 2 قىسمىنى يەھۇدىلار تەشكىل قىلىدۇ.

## كوسوۋادا [illegible] قاتناشقان [illegible] كىرالىق ئەسكەر [illegible]

چەتئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا دانىيە ساقچى دائىرلىرى، سېربىيلارغا ياللىنىپ كوسوۋادىكى مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىشقا قاتناشقان 26 ياشلىق بىر دانىيەلىكنى قولغا ئالغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ دانىيەلىك ياش كوسوۋاغا بېرىپ سېرىپ قوشۇنلىرىغا كىرالىق ئەسكەر بولۇپ ئىشلەپ، كۆپلىگەن قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە قاتناشقان ۋە كوسوۋالىق مۇسۇلمان پۇقرا ۋە پارتىزانلاردىن بولۇپ 20 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن. چەتئەل گېزىتلىرىدە بۇ ياشنىڭ لاھىيدىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

## كەشمىردىكى پارتلاشتا 7 كىشى ئۆلدى

تۈركىيەدىكى « ئاقىت » گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا كەشمىرنىڭ پاكىستان كونتروللىقىدىكى رايونىدا بىر ئاپتوبۇسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بومبا پارتلاپ، نەق مەيداندا 7 كىشى ئۆلگەن، 40 كىشى يارىلانغان. پاكىستان ساقچى دائىرلىرى بۇقېتىمقى پارتلاش ۋەقەسىنىڭ ئارقىدا ھىندىستاننىڭ بارلىقىنى ۋە ھىندىستاننىڭ بۇ ئارقىلىق پاكىستان كونتروللىقىدىكى رايونلاردا پاراكەندىچىلىق تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان.

## ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسى فرانسىيەنى جازاغا مەھكۇم قىلدى

« زامان » گېزىتىنىڭ 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسى، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى تۈپەيلىدىن 1991 - يىلى قولغا ئېلىنغان ئەخمەت سەلمۇنى ئىسىملىك ياشنى تۈرمىدە قىيىنغان ۋە ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلغان، دېگەن سەۋەپ بىلەن فرانسىيە ھۆكۈمىتىنى ئەخمەت سەلمۇنىغا 500 مىڭ فرىنك تۆلەم تۆلەشكە مەھكۇم قىلدى.

فرانسىيە سوتلىرى تەرىپىدىن زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى جىنايىتى بىلەن 13 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئەخمەت سەلمۇنى، 1992 - يىلى ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسىگە فرانسىيە ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، فرانسىيە ساقچى دائىرلىرىنىڭ ئۆزىنى تۈرمىدە قىيىنغانلىقىنى ۋە قوپال مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى مەھكىمىسى بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى فرانسىيەنى جازاغا ھۆكۈم قىلدى.

## خىتاي ھۆكۈمىتى « فالۇنگوڭ » تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى لى خوڭجىنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى

شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يېقىندا خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى خىتايدا 100 مىليوندىن ئارتۇق مۇرىتى بولغان « فالۇنگوڭ » تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى لى خوڭجىنى كۆرۈنگەن يەردە دەرھال قولغا ئېلىش ھەققىدە ئومۇمى بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە « دۇنيا ساقچى تەشكىلاتى » غا ئەزا دۆلەتلەردىن بۇھەقتە ياردەم تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خىتاي ساقچى دائىرلىرى بارلىق ئاموژنىلارغا، چېگرا ئېغىزلىرىغا ۋە ئايرۇدۇروم - پورتلارغا لى خوڭجىنى بايقىغان ھامان دەرھال قولغا ئېلىش ھەققىدە يازما ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. چەتئەل خەۋەر ئاگېنتلىقلىرى تەرىقەت رەھبىرى لى خوڭجىنىڭ ھازىر ئامېرىكىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىشتى. ئۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن لى خوڭجى ئەنگىلىيەدىكى بىر خىتايچە رادىيو ئىستانسىسىدا بايانات ئېلان قىلىپ، « فالۇنگوڭ » تەرىقىتىنىڭ ھېچبىرزامان ھۆكۈمەتكە قارشى ئەمەسلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى، سىياسەت بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقلۇقىنى بىلدۈردى.

## ئافغانىستاندىكى تالىبانلار قارشىلىق كۆرسۈتۈش كۈچلىرىگە ھۇجۇم

چەتئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئافغانىستاندا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان تالىبان قىسىملىرى، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەھەردە پايتەخت كابۇلنىڭ شەرقى شىمالىدىكى تۇگاپ ۋە كوخاپى جەبھىسىدە تۇرۇۋاتقان ئەخمەت شاھ مەسئۇت رەھبەرلىگىدىكى قارشىلىق كۆرسۈتۈش كۈچلىرىگە ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان ۋە تالىبان كۈچلىرى ئەخمەت شاھ مەسئۇتنىڭ كونتروللىقىدىكى ماكتىپ، ۋارساق رايونلىرىنى ئىشغال قىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەخمەت شاھ مەسئۇت رەھبەرلىگىدىكى قارشىلىق كۆرسۈتۈش كۈچلىرىمۇ پايتەخت كابۇلدىكى ئايرۇدۇروملارغا راكىتا بىلەن ھۇجۇم قىلغان.

جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممەدى
كورېكتور: خەلچەم خەلىل

بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Uygurischer Verein e. V
Konto: 907227110
BLZ: 70150000
Bank: Stadsparkasse Muenchen

ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

E TİC
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail:etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/543 88 99
Fax:0049/89/54 45 63 30

گېزىتنى بېسىپ تارقاتقۇچى:
« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »
نەشرىيات مۇدىرى
ئابدۇلجېلىل تۇران
Tel&Fax: 0090 212 6790370

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى